
ISSN1004—3829

# مىراس



MIRAS

1

1994

ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى

ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى


نەشر قىلدى

ISSN 1004-3829

03>

9 771004 382003

# ئون ئىككى مۇقام خىزمىتىگە
# دائىر كۆرۈنۈشلەر



مۇقامشۇناس ئامانىسا-
خان قەبرىگاھى پۈتكەنلىك-
نىڭ لېنتا كېسىش مۇراسىمى

1993 - يىلى 24 - سىنتەبر بې-
جىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئون ئىككى مۇ-
قام ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا
قاتناشقانلار



2 - قېتىملىق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى





مۇقامغا مەدھىيە

# مۇندەرىجە


ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنىڭ يېڭىدىن رەتلەنگەن ئىلمىي
سىستېمىسى توغرىسىدا قارار ........................ ( 1 )

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا

ئاچكۆز پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ كۆيئوغلى (چۆچەك) .........
........................ توپلىغۇچى: تۇرغۇنجان تۇرسۇن ( 4 )
ئىككى چۆچەك ......... توپلىغۇچى: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (21)

ئابدىلىك كېچىلەر

مېنى يىپىسىز باغلىغان سىزنىڭ شەھلا كۆزىڭىز ..........
........................ توپلىغۇچى: قاسىم كېرىم ( 8 )
يارىم بەرگەن قىزىل ئالما ...... توپلىغۇچى: ئۆمەر ھامىدى (42)
سەن يارىمنى كېلەر دەپ ..............................
........................ توپلىغۇچى: غوجەخمەت مۇھەممەت (78)

يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

يۇلغۇننىڭ غولى نېمە ئۈچۈن قىزىل ........................
........................ توپلىغۇچى: تۇرسۇن بەكرى (34)
بىر باش پىيازنىڭ كارامىتى (رىۋايەت) ................ (71)
سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشايمان قىلىشى (رىۋايەت) ...... (79)
يىلان بىلەن قارلىغاچ رىۋايىتى ........................
........................ توپلىغۇچى: يۈسۈپ ئىسھاق (91)

كۆڭلى — جان ئوزۇقى

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ... ۋاھىتجان ئوسمان تەرجىمىسى (44)

ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى يالماۋۇز ئوبرازى
(ماقالە) ........................ ئەسەت سۇلايمان (11)
قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تارىخىي ئورنى توغرىسىدا
(ماقالە) ........................ ئابلىز ئىسمايىل (35)
دۇنيانى سۇ ئاستىدىن ياراتقۇچىلار — ئەپسانە دەۋرىدىكى
ئەرلەرنىڭ ياراتمىشى (ماقالە) ........................
........ ئا. داندىس (ئارسلان ئابدۇللا تەرجىمىسى) (45)
ئاتاقلىق تۈركولوگ ۋە ئۇيغۇرشۇناس ئا. ۋون گابائىن خانىم
ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ...... ئەسەت سۇلايمان (81)

ئادەت قېلىماس

خوتەن ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا (ماقالە) ...... بەختىيار باۋۇدۇن (75)

ئاداش-ئاداش بولايلى

توپ ئويۇنى قوشىقى ........ توپلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەت (70)

ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە

شۇم ئېغىز موماي (رۇس خەلق چۆچىكى) ..................
........... نەشرگە تەييارلىغۇچى: ماھنۇر ھاجى ياقۇپ (86)

ئادەم قولاقتىن — مەرۋەر

«ئىنجىل» دىكى ئەپسانىۋى ھېكايىدا ئېيتىلغان نوھ
پەيغەمبەرنىڭ كېمىسى بىلەن ئەر كىشىنىڭ جەسىتى
تېپىلدى ................................ (94)



## مىراس

1994-يىل 1-سان

ئومۇمىي 31-سان

باش مۇھەررىر

ئابلىمىت سادىق

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ياسىن زىلال

مەسئۇل مۇھەررىر

يۈسۈپ ئىسھاق

ھەر يېرىم يىلنىڭ ئوتتۇرا ئېيىنىڭ 20-كۈنى نەشر-دىن چىقىدۇ

# 美 拉 斯

一九九四年 第一期

总三十一期



主 编

阿布力米提·萨迪克

副 主 编

亚生·孜拉力

责任编辑

玉素甫·依萨克



每季中月二十日出版发行


## 主要目录 Contents


贪婪的国王和他的女婿…………吐尔贡江·吐尔逊搜集

The greedy King and his son—in—law ………………… ………………………………… Colected by Turgunjan · Tursun (4)

红柳杆为什么是红的？……………吐尔逊·拜克尔搜集

Why is teh shaft of the red willow red……………… …………………………………Colected by Tursun Bakri (34)

蛇与燕子的传说……………………玉素甫·依萨克搜集

The legend of snake and swallow……………………… ……………………………………Colected by Ysuf Isak (94)

论阿尔泰文化圈中的恶魔形象…………艾赛提·苏来曼

The image of devil in Altaic cultunal circle………… ………………………………………………Asad Sulayman (11)

论哈密十二木卡姆的历史地位………阿不利孜·斯玛仪

The history position of Kumul Twelve Mukam ……… ……………………………………………… Abliz Ismail (35)

湖南维吾尔人………………………… 巴赫提亚·巴吾东

Uigur nationality in Whunan province……………… …………………………………Bahtiyar Bahawuddin (75)

球歌………………………………穆合塔尔·穆罕默德

The songs of ball game……………Muhtar Muhammad (70)


封面设计：加拉里丁·拜克热木

# ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنىڭ يېڭىدىن رەتلەنگەن ئىلمىي سىستېمىسى توغرىسىدا قارار

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىلمىي جەمئىيىتىمىزدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يەتتە ئايلىق ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسىدە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرگە، ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئىشلەنگەن ئىلمىيلىككە، تارىخىي ئوبيېكتىپلىققا، كلاسسىك بەدىئىيلىككە، دېموكراتىك ۋەتەنپەرلىك روھىغا ئىگە، رېئال ماھىيەتلىك ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنىڭ يېڭىدىن رەتلەنگەن ئىلمىي سىستېمىسى بارلىققا كەلدى.

مەشھۇر مۇقام ئۇستازى مەرھۇم تۇردى ئاخۇن ئاكا بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئون ئىككى مۇقام نەغمىلىرى 245، مۇقام تېكىستلىرى 2482 مىسرا ئىدى. بۇ قېتىمقى رەتلەشتە ئېنىق بېكىتىلگەن نەغمە 320، مۇقام تېكىستلىرى 2970 مىسرا بولدى.

بۇ قېتىمقى رەتلەشتە 1951 ـــ 1955-يىللىرى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئورۇنلىغان مۇقام تېكىستلىرى ئاساس قىلىندى. شۇ چاغدىكى ۋە كېيىن تولۇقلانغان مۇقام نەغمىلىرى ئىچىدىكى تەكرارلانغان تېكىستلەر، شۇنداقلا مۇزىكا رىتىمىگە ماسلاشمىغان بەزى تېكىستلەر ئورنىغا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان ئاتاقلىق شائىرلىرىمىزنىڭ نادىر نەزمىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. مەسىلەن:

1986-يىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى مۇقام تېكىستلىرى ئىچىدە بىزنىڭ 15-ئەسىردىكى ئاتاقلىق شائىرلىرىمىزدىن ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى قاتارلىقلارنىڭ، 16-ئەسىردىكى تۆھپىكارلىرىمىزدىن سەئىدى، رەشىدى، نەفىسى، قىدىرى قاتارلىقلارنىڭ، 17-ئەسىردىكى كلاسسىكلىرىمىزدىن گۇمنام، نىزارى، قەلەندەر، مەشھۇرى (18-ئەسىر) قاتارلىقلارنىڭ بىرەر مىسرا شېئىرىمۇ يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا يۇقىرى ئورۇن تۇتىدىغان، ئىجادىي تۆھپىلىرى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىكىدىن ئورۇن ئالغان مەشھۇر شائىرلىرىمىز ئىدى. بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئون ئىككى مۇقام نەغمىلىرى ئىچىدىن ئالاھىدە ئورۇن بېرىلدى. ئاساسلىق ئاپتورلارنىڭ تېكىست مىسرالىرى مۇنداق بولدى:

ئەلىشىر ناۋايى 365 مىسرا، ئاتايى 34 مىسرا، سەككاكى 68 مىسرا، لۇتفى 52 مىسرا، گۇمنام 208 مىسرا، نىزارى 95 مىسرا، زەلىلى 80 مىسرا، موللا بىلال 92 مىسرا، نۇبىتى 140 مىسرا، سەئىدى 16 مىسرا، رەشىدى 38 مىسرا، نەفىسى 20 مىسرا، قىدىرخان 10 مىسرا، مەشھۇرى ئالتە مىسرا.

ئۆتكەن نۆۋەتتىكى مۇقام تېكىستلىرى ئىچىگە ئېلىنغان خەلق داستانلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرى 518 مىسرا، ئىگىسى يوق، مەنبەسى يوق تەرمە مىسرالار 162 مىسرا ئىدى. بۇ قېتىمقى رەتلەشتە مەنبەسىز مىسرالار يوق، خەلق داستان-قوشاقلىرىدىن تاللاپ كىرگۈزۈلگىنى 1053 مىسرا بولدى.

خىلمۇ خىل سىياسىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە ئوقۇش-ئورۇنلاش جەھەتتىكى سەۋەنلىكلەر

تۆپەيلىدىن بۇزۇلغان ياكى بۇزۇۋېتىلگەن تېكىستلەر ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ناخشا — ئورۇنلاش جەريانىدا ئىزاھات بېرىش مۇمكىن بولمايدىغان ئالاھىدە بىر خىل سەنئەت. ئۇنىڭ تېكىستلىرى خەلق تىلىغا قانچە يېقىن بولسا، خەلققە بېرىدىغان مەنىۋى لەززىتى شۇنچە ئاشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مۇقام ئورۇنلىغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىلاردا چۈشەنمەسلىك-تېڭىرقاش ھالەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بەزى قەدىمكى ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر ئاممىباب ئۇيغۇرچە ياكى ئۆزلىشىپ كەتكەن ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇلۇپ، تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى ئوچۇقلاشتۇرۇلدى. مەسىلەن:

«سەككىز ئوجاغقا بەدەل قىلغايمۇ سەندەك يارنى» دېگەن مىسرا «سەككىز جەننەتكە ...» دەپ (ئوجاغ — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى — جەننەت)؛ «يۈزۈڭ ھەجرىگە سەبرى ئەتمەي ئوت ئۆزرە مۇشىك چۈشكەندەك» دېگەن مىسرا «ئىپار چۈشكەن كەبى ئوتقا» دەپ (مۇشىك — ئىپار — ئەنبەر)؛ «ئۆزگە دىلبەرلەر ئىزىدىن كەتمىگەي كۆز تېرىسى» دېگەن مىسرا «كۆز قارىچۇغى» دەپ (كۆز تېرىسى — كۆز قارىسى) دەپ ئەينەن ئوچۇقلاشتۇرۇلغانغا ئوخشاش.

2970 مىسرالىق مۇقام تېكىستلىرى ئىچىدە مۇنداق ئوچۇقلاشتۇرۇلغىنى 345 مىسرا. ئوچۇقلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىغان بەزى سۆزلەرگە ئىزاھات بېرىلدى. ئىزاھات بېرىلگىنى 70 سۆز.

مۇقام نەغمىلىرىگە شېئىرى تاللانغان 28 نەپەر شائىرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورنى، رولى، تەسىرى بار كىشىلەر بولۇپ، ئەڭ كونىلىرى (پېشقەدەملىرى) 1360-يىللاردا، ئەڭ كېيىنكىلىرى 1820-يىللاردا تۇغۇلغان.

ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى 1993-يىل 12-ئاينىڭ 17-، 30-كۈنلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈپ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر مۇقام تېكىستلىرى ئۈستىدە بىر-بىرلەپ تەكرار مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، تونۇشتا بىرلىككە كېلىپ، تۆۋەندىكىدەك قارار قىلىپ بېكىتتى.

1. ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنىڭ يېڭىدىن رەتلەنگەن ئىلمىي سىستېمىغا چۈشكەن بۇ نۇسخىسى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرگە، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپلىرىغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئىشلەنگەن. بۇ تېكىستلەر ئىلمىيلىككە، تارىخىي ئوبيېكتىپلىققا، كلاسسىك بەدىئىيلىككە، دېموكراتىك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە. تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا ئۇيغۇن، رېئال ماھىيەتلىك ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنىڭ يېڭىدىن رەتلەنگەن ئىلمىي سىستېمىسى بارلىققا كەلدى.

2. ئىسلام ياكى تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى قويۇق دەپ قارالغان ئەسلى تېكىستلەر ئاساسەن يېڭىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا دېموكراتىك ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى مەزمۇن قىلغان بىرقەدەر رېئال ماھىيەتلىك تېكىستلەر سەپلەندى.

3. چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىگە خاس ئۇلۇغ نامايەندىلەردىن ناۋايىنىڭ سالمىقى ھەقلىق يوسۇندا ساقلىنىپ قالغاندىن تاشقىرى لۇتفى، سەككاكى قاتارلىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بۈيۈك سىمالىرىنىڭ تېكىستلىرى خېلى زور سالماقنى تەشكىل قىلدى. ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ تولىمۇ ئوبدان ئىش بولدى.

4. چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ 15-ئەسىردىن كېيىن تارىم ۋە ئىلى ۋادىسىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئۇيغۇر نامايەندىلىرى مەلىكە ئامانىسساخاندىن قېدىرخانغىچە، زەلىلىدىن موللا بىلالغىچە بولغان كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئالاھىدە ئورۇن ئالغانلىقى ئون ئىككى مۇقام

تەرەققىيات تارىخىدىكى چوڭ يېڭىلىق ۋە كىشىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغان ئىش.

5. كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسى بولغان تېكىستلاردىكى ئاممىبابلىق خېلىلا ئوبدان ھەل قىلىنىپ ئەمەلىيلە شتۇرۇلدى. كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تىلىدا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئاممىبابلىقنى تەلەپ قىلىش كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى زامان، ماكان ئەمەلىيىتىدىن يىراق بولۇپ قالار دەپ قارىدۇق.

6. تېكىستلاردىكى تەكرار مەسىلىلەر ئوبدان ھەل قىلىنىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن تاللانغان قوشاقلارمۇ سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن تەلەپكە ئۇيغۇن بولدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى قېتىملىق قارار قىلىپ بېكىتىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تۆۋەندىكى كىشىلەر قاتناشتى:

1. مەمتىمىن يۈسۈپ (تەتقىقاتچى): ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى.

2. قەييۇم تۇردى (1-دەرىجىلىك يازغۇچى): ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

3. مۇھەممەت زۇنۇن (پروفېسسور): مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

4. ئوبۇل ئىسلام (ئالىي مۇھەررىر): ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرى.

5. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (تەتقىقاتچى): ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى.

6. ئىمىن تۇرسۇن (تەتقىقاتچى): ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى.

7. شەرىپىدىن ئۆمەر (پروفېسسور): ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

8. مەمتىلى زۇنۇن (1-دەرىجىلىك دراماتورگ): ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى.

9. ئۆمەر ئىمىن (كاندىدات تەتقىقاتچى): ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

10. مۇھەممەتئىمىن نۇرۇز (1-دەرىجىلىك ئارتىس): ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى.

بۇ ئىككى قېتىملىق قارار قىلىپ بېكىتىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۈسۈپ رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنىڭ بېكىتىلىپ چىققان بۇ ئىلمىي سىستېمىسى ئون ئىككى مۇقام تارىخىي تەرەققىياتىدىكى بىر يېڭى باسقۇچ بولۇپ، تارىخىي ھۆججەت بولۇپ قالغۇسى.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى**
**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى**
1994-يىلى 1-ئاي

# ئاچكۆز پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ كۈيئوغلى

(چۆچەك)

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتۈپتىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ بىرلا قىزى بار بولۇپ، ئۇ قىز بويىغا يەتكەندە كۈنىمۇ خىجىل قىلغۇدەك گۈزەل بىر پەرىزاتقا ئايلىنىپتۇ. پادىشاھ قىزنى دۆلەتمەن شاھزادىدىن بىرىگە ياتلىق قىلىشنىڭ كويىدا يۈرۈپتۇ. ئەمما قىز بىر كەمبەغەل ساتىراش يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغاچقا، پادىشاھ تاللىغان يىگىتلەرگە ماقۇللۇق بىلدۈرمەي، ئاشۇ كەمبەغەل يىگىت بىلەن توي قىلدىغانلىقىنى دادىسىغا ئوچۇق ئېيتىپتۇ. قىزنى ھېچقانداق قىلىپمۇ ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگەن پادىشاھ ئىلاجىسىز قىزنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

تويدىن كېيىن پادىشاھ قىزىنىمۇ، كۈيئوغلىنىمۇ قارىماپتۇ. نەۋكەرلىرىگە ئۇلارنى دەرۋازىدىن كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. بۇنىڭدىكى مەقسىتى، قىزنىڭ نامراتلىقتىن زېرىكىپ، پۇشايمان قىلىپ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈش ئىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، يىگىتنىڭ ساتىراشلىق قىلىپ تاپقان پۇلى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يېتىشمەپتۇ. ئەسلىدە پادىشاھ كۈيئوغلىنىڭ ساتىراشخانىسى ئەتراپىغا نەۋكەرلەرنى قويۇپ، خېرىدارلارنى ئۇنىڭغا چاچ ئالغۇزۇشتىن توسۇشقا بۇيرىغان ئىكەن. يىگىت تىرىكچىلىك قىلىشقا ئامالسىز قاپتۇ. ئۇلار پۇلغا يارىغىدەك نەرسىلىرىنى سېتىپ تۈگىتىپتۇ.

بىر كۈنى ئۆيدە تۇزۇكرەك بىر نەرسىنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرگەن مەلىكە يىگىتنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ بېقىشقا ئۈندەپتۇ. يىگىت بارغىلى ئۇنىماپتۇ. مەلىكە زورلاۋەرگەچكە، ئىلاجسىز بېرىپتۇ-يۇ، سالپىيىپ يېنىپ كەپتۇ.

يىگىت خېلى كۆپ ئويلىنىپتۇ. تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆزى ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تاشلىنىپ تۇرغان نېپىز چاپانغا چۈشكەندە ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ. تاپقان ئەقلىدىن سۆيۈنگەن يىگىت كۆڭلىدىكىنى مەلىكىگە ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، چاپىنىنى كىيگەن پېتى سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ.

يىگىت ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان ئىكەن. ئۇ ئوردىغا يېقىن بىر جايغا كەلگەندە، قويۇنلىرىغا قار تولدۇرۇپ، تەلپىكىنىڭ ئىچىگە قار سېلىۋاپتۇ.

ئوردىنىڭ دەرۋازىسىدىكى قاراۋۇل يىگىتنىڭ پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، دەرۋازىدىن كىرگۈزمەپتۇ. يىگىت:

— مەن پادىشاھقا ئېسىل بىر سوۋغات ئېلىپ كەلدىم. ئۇ ئامايىتى خاسىيەتلىك بىر نەرسە. پا[illegible]ندا[illegible] نەرسىنى پۈتۈن زېمىننى ئاختۇرۇپمۇ تاپالمايدۇ، — دەپتۇ. يىگىتنىڭ گېپىگە قىزىققان نەۋكەرلەر بۇ سۆزنى دەرھاللا پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ بۇ خاسىيەتلىك نەرسىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ ئۇنى كىرگۈزۈشكە بۇيرۇپتۇ ۋە يىگىتنى ناھايىتى چىرايلىق، ئازادە، ئىسسىق قوبۇلخانىسىدا كۈتۈۋاپتۇ.

يىگىت مېھمانخانىغا كىرگەندىن كېيىن، چوغدانغا يىراق بىر جايغا بېرىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ:

— شۇنچە يېلىڭ چاپاننى كىيۋاپسىز، توڭلىغانسىز، چوغدانغا يېقىنراق كېلىپ ئوت ئىسسىنىڭ، — دەپتۇ.

— رەھمەت، پادىشاھىم، — دەپتۇ يىگىت، — ھېلىمۇ تەرلەپ چىلىق-چىلىق بولۇپ كەتتىم، چوغداننىڭ يېنىغا بارسام، ئىسسىققا چىدىماي قالىمەن.

دەرۋەقە، يىگىتنىڭ ئۈستىباشلىرىدىن ھەقىقەتەن «تەر» ئاققىلى تۇرغانىكەن. پادىشاھ ھەيران قاپتۇ.

— ئالادا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتسا، شۇنچە يىلىڭ چاپاننى كىيىۋېلىپمۇ توڭلىمىدىم دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— بۇ چاپاننى ئاددىي چاغلىمىسىلا، پادىشاھىم، — دەپتۇ يىگىت، — بۇ خاسىيەتلىك چاپان. ھاۋا قانچە سوغۇق بولغانسېرى ئۇ شۇنچە ئىسسىپ كېتىدۇ. قىش كۈنلىرى كىيىۋالسىلا، خۇددى تومۇز كۈنلىرىدەك ھېس قىلىلا.

پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ چاپاننى قولغا كىرگۈزۈشنى ئويلاپتۇ ۋە يىگىتكە نېمە تەلىپى بولسا دەرھال ئورۇنلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن ئېسىل تائام، مېۋە-چېۋىلەرنى تىزىۋېتىپتۇ، يىگىت قورساقنى ئوبدان توقلىغاندىن كېيىن پادىشاھقا:

— شاھىم، بۇ چاپان ئەسلى ئاتامدىن مىراس قالغان تەۋەررۈك ئىدى. بۇنى ماڭا ئوخشاش ئاددىي پۇقرالار ئەمەس، بەلكى سىلىگە ئوخشاش دۆلەتمەن ئەربابلار كىيسە جايىدا بولاتتى. بىراق بىز بەك قىينىلىپ قالدۇق. يەيدىغىنىمىز تۈگەپ، ئۆيدىكى ئىشلەتكىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى سېتىپ بولدۇق. كىيىدىغىنىمىزمۇ يوق ئىلاجىسىز مەن مۇشۇنى كىيىۋالغان ئىدىم. بۈگۈن بۇ چاپاننى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىگە بېرەي دەپ كەلدىم، — دەپتۇ ۋە چاپاننى سېلىپ پادىشاھقا سۇنۇپتۇ.

پادىشاھ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، چاپاننى ئالغاندىن كېيىن، يىگىتنى ئېسىل كىيىملەر بىلەن كىيىندۈرۈپ، نۇرغۇن پۇل-مال بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. شۇندىن كېيىن يىگىت بىلەن مەلىكىنىڭ تۇرمۇشى بىرئاز ياخشىلىنىپتۇ.

پادىشاھ چاپاننى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ساقلاپتۇ. بىر كۈنى قوشنا ئەلنىڭ پادىشاھى ئوردىدىكىلەرنى زىياپەتكە چاقىرىپتۇ. بۇ كۈنى ھاۋا بەك سوغۇق بولغانىكەن. باشقىلار قېلىن كىيىنىشىپتۇ، پادىشاھ بولسا ئاشۇ يىلىڭ چاپاننى كىيىپ چىقىپتۇ.

— شاھىم، سوغۇق بەك يامان، قېلىنراق كىيىنىۋالمامىلا، — دەپتۇ ۋەزىرلەر.

— سىلەر نېمىنى بىلەتتىڭلار، مەن قانداق كىيىنىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ ئاتقا مىنىپ.

يولغا چىقا-چىقمايلا پادىشاھ مۇزلاپ تىترىگىلى تۇرۇپتۇ. بىراق ئۇ چاپاننىڭ كارامىتىگە ئىشەنگەچكە، سوغۇققا پىسەنت قىلماپتۇ. پادىشاھ ئىسسىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بارغانسېرى توڭلاپ، چىشلىرى كاسىلداپ، جالاقلاپ تىترىگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سېزىپتۇ-يۇ، لېكىن ۋەزىر-ۋۇزرالىرىنىڭ ئالدىدا «توڭلىدىم» دېيىشتىن نومۇس قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ پادىشاھنىڭ پۈتكۈل ئەزايى مۇزلاپ، ئاخىرى ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ۋەزىرلەر پادىشاھنى قاتمۇ-قات چاپانلارغا يۆگەپ، دەرھال ئوردىغا ياندۇرۇپ ئەكىلىپ، ئوردا تېۋىپىنى چاقىرتىپتۇ.

شاھ قۇتقۇزۇلۇپ قېلىنىپتۇ. ئۇ ساقايغاندىن كېيىن كۆيئوغلىنىڭ قىلمىشىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۇدۇل ئۇنىڭ ئۆيىگە چىقىپتۇ. كۆيئوغلى شاھ ئاتىسىنى قارشى ئېلىپ، تۆرگە تەكلىپ قىپتۇ ۋە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ئەھۋال سوراپ كېتىپتۇ. مۇنداق قىزغىن مۇئامىلە ئالدىدا شاھ دەرھاللا ۋارقىراپ بىر نەرسە دېيەلمەي، يىگىتنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

يىگىت شاھنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ ئالدىغا داستىخان ساپتۇ. مەلىكە بىر ساندۇقنى ئەپچىقىپ بېرىپتۇ. يىگىت ساندۇقنى داستىخاننىڭ ئۈستىگە قويۇپ، پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى قىيا ئېچىپ، قولىنى ساندۇققا سېلىپ بىر لېگەن گۆشنى ئاپتۇ. ئاندىن كېيىن يەنە ئارقا-ئارقىـ

دىن ھەر خىل تائاملارنى ئېلىپ چىقىپ، شاھنىڭ ئالدىنى ھەر خىل تائام بىلەن تولدۇرۇۋېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆزلىرى ئالا-چەكمەن بولۇپ، ھاڭ-تاڭ قاپتۇ.

— ئوغلۇم، بۇ... بۇ قانداق ساندۇق؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ ئۆزىنىڭ نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ.

— شاھىم، .ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام. قېنى، غىزاغا باقسىلا، مەن ھېلى دەپ بېرىمەن.

شاھ سىرنى بىلىشكە ئالدىراپ تاماقنى ھاپىلا-شاپىلا يەپتۇ-دە، دۇئانىمۇ چالا-پۇلا قىلىپ، يىگىتنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.

— بۇ بىر خىسلەتلىك ساندۇق، شاھىم، — دەپتۇ يىگىت، — بۇ ساندۇققا ئىگە بولغانلار قورساقتىن، تاماق ئېتىشتىن غەم قىلمىسىمۇ بولىدۇ. داستىخاننى سېلىپ بولغاندىن كېيىن، ساندۇقنى داستىخاننىڭ ئۈستىگە قويۇپ، تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇسىلا، ھەر خىل غىزا دەرھال ھازىر بولىدۇ، — ئۇ ئايەتنى پادىشاھقا ئۆگىتىپ قويۇپتۇ.

— مۇشۇ ساندۇقنى ماڭا بەرسىڭىز، ئوغلۇم، — دەپتۇ پادىشاھ.

— بۇ ساندۇقنى يېقىندىلا بىر سودىگەردىن پۈتكۈل بىساتىم ھېسابىغا سېتىۋالغانىدىم. شاھىم، سىلىگە كېلىپ تۇرىدىغان مېھمان دېگەننىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاماق يەيدىغان ئادەممۇ كۆپ. بۇ .ساندۇقنى سىلىگە ئاپىرىپ بېرەي دەپ تۇرغان، شۇڭا ئايەتنى ئۆگىتىپ قويدۇم. سىلىنى يول ماڭدۇرغىنىم ئۈچۈن ناھايىتى خىجىلمەن.

شاھ يىگىتنىڭ ئۆزىگە شۇنچە كۆيۈنىدىغانلىقىدىن خۇش بولۇپ ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا قايتىپتۇ. ئۇ ساندۇقنى خىلۋەت بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، يىگىتكە نۇرغۇن مال-دۇنيا ئەۋەتىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئېسىل بىر ساندۇق ئەكەلگەنلىكىنى ھېچكىمگە، ھەتتا خانىشقىمۇ تىنماپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ قوشنا ئەلنىڭ پادىشاھى ۋە ۋەزىرلىرىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. ئەمما خانىشقا ۋە دېدەكلەرگە مېھماننى كۈتۈۋېلىش توغرىلىق ھېچنېمە دېمەپتۇ. مېھمان كېلىدىغانلىقىنى ئۇققان خانىش:

— ئاڭلىسام مېھمان كەلمەكچىكەن، قانداقراق كۈتۈۋالىمىز، بۇ ھەقتە بىر نېمە دېمەملا، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— سەن خاتىرجەم بول! ھەممە ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ ئايالىغا.

مېھمانلار كەپتۇ. پادىشاھ مېھمانلارنى كاناي-سۇنايلار بىلەن تەنتەنىلىك ھالدا قارشى ئېلىپ سارايغا باشلاپتۇ. ئۇ دېدەكلەرنى مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بەرگۈزۈپ، ئالدىغا داستىخان سالدۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا خانىش ۋە دېدەكلەر ھەيران قاپتۇ، بىراق بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالماپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا پادىشاھ ھېلىقى ساندۇقنى ئېلىپ چىقىپ، داستىخاننىڭ ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن، بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ تۇرۇپ، ساندۇققا قولىنىساپتۇ. باشقىلار شاھنىڭ قىلىقىغا ھەيران بولۇشۇپتۇ. قولىغا ھېچنەرسە ئۇرۇلمىغاندىن كېيىن شاھ جىددىيلەشكەن ھالدا قولىنى ساندۇقتىن چىقىرىپ، پاكىزە يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن «يا بىسمىللا!» دەپ ساندۇقنى قايتىدىن ئاختۇرۇپ بېقىپتۇ، بىراق ھېچنەرسە چىقماپتۇ. ساندۇقنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ بېقىپتۇ. يەنىلا نازۇ-نېمەتتىن نەسەر يوق. شاھ قاتتىق ئىزا تارتىپ، يەرگە كىرگۈدەك بولۇپتۇ. مېھمانلار، ھەتتا خانىش-دېدەكلەرگىچە پادىشاھنى ئېلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ياقىسىنى تۇتقىنىچە كېتىشىپ قاپتۇ.

پادىشاھ ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلىپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئەسلىدە يىگىت ئىلگىرىكى ھىلىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، پادىشاھنىڭ كېلىشىگە ئۈلگۈرتۈپ، ئايالىغا تاماق ئەتكۈزۈپ ساندۇققا سېلىپ تەييارلاپ قويغانىكەن. بىراق پادىشاھ بۇنى نەدىن

بىلسۇيا! ئىككىنچى قېتىم ئەخمەق قىلىنغان پادىشاھ ئەمدى ھەرگىز ئالدانماسلىقا قەسەم قىلىپ، جاللاتتىن بىرنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ.

يىگىت ئاللىبۇرۇن تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىكەن. پادىشاھ ئەۋەتىپ بەرگەن مال-دۇنيانىڭ بىر قىسمىغا ئاتتىن تۆتنى سېتىۋېلىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئاتنى ھەرخىل بوياقلار بىلەن بوياپ، ناھايىتى چىرايلىق ياساپتۇ. ئاندىن ئۇنى كۈن بويى شاھ ئوردىسى بىلەن ئۆز ئۆيى ئارىلىقىدا چاپتۇرۇپ يۈرۈپ، «چۇھ!» دېسە ئۆيى بىلەن ئوردا ئارىسىدا قۇيۇندەك چاپىدىغان قىلىپ كۆندۈرۈپتۇ. ئۇنى ئۇبدان بېقىپ تولۇمدەك سەمەرتىۋېتىپتۇ. قالغان ئۈچ ئاتقا تۇزۇككىنە يەم-خەشەك بەرمەي، بىر تېرە-بىر ئۇستىخان قىلىپ قويۇپتۇ.

پاشاھ كېلىدىغان كۈنى يىگىت ئاتلارنى ھويلىنىڭ ئالدىغا قاتار قىلىپ باغلاپ قويۇپتۇ. پادىشاھ شۇنداق غەزەب بىلەن كېلىپ قارىسا، دەرۋازا ئالدىدا تۆت ئات تۇرغۇدەك، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى شۇنداق سېمىز ئىكەنكى، قالغان ئۈچىنى قوشسا ئاران ئاشۇ بىر ئاتنىڭ سېمىزلىكىگە توغرا كېلىدىكەن. بۇنىڭ تۈكلىرىمۇ پارقىراق، ئۆزىمۇ بەك چىرايلىق ئات ئىكەن. بۇ ئاتنىڭ ناھايىتى ئېسىل ئات ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن شاھ ئاتنى قولغا چۈشۈرۈش كويىغا چۈشۈپ، بۇ يەرگە نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپتۇ. ئۇ جاللاتنى دەرۋازا ئالدىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆيگە كىرىپتۇ ۋە يىگىتنىڭ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ئەھۋال سوراشلىرى، تۆرگە تەكلىپ قىلىشلىرىغا پىسەنتمۇ قىلماستىن:

— دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ئاتلار كىمنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ، شاھىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

— ھېلىقى سېمىز ئاتمۇ سېنىڭمۇ؟

— شۇنداق، شاھىم.

— ئۇ قانداقراق ئات؟ — ئاتنى ھېلىلا بىرسى ئېلىپ قاچىدىغاندەك ئالدىراپ-تېنەپ سوراپتۇ شاھ.

— ئۇ ناھايىتى ئېسىل ئات، شاھىم، — دەپتۇ يىگىت، — يۈگرەكلىكتە دۇلدۇلنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ. مەشەدە مىنىۋېلىپ، «چۇھ!» دەپ قامچا ئۇرىدىغان بولسىلا، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆزلىرىنى ئوردا ئالدىدا كۆرىلا.

بەيگىلەردە ئۇزۇپ چىقالىغۇدەك ياخشى ئات تېپىش كويىدا يۈرگەن پادىشاھ ئاتنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش خىيالى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. ئەمما ئۇ ئىلگىرىكى قېتىملاردىكىدەك ئالدىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ سىناپ كۆرۈش قارارىغا كەپتۇ.

ئۇ ھېلىقى ئاتنى يەشتۈرۈپ مىنگەندىن كېيىن بىرلا قامچا ئۇرۇپتىكەن، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆزىنى ئوردا ئالدىدا كۆرۈپتۇ. يەنە بىر قامچە ئۇرۇپتىكەن، چاقماق تېزلىكىدە يىگىتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. يىگىتنىڭ سۆزلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەن پادىشاھ ئۇنى يەنە رازى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئاتنى مىنىپ كېتىپتۇ ۋە بىرىپلا يىگىتكە نۇرغۇن مال-مۈلۈك ئەۋەتىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھ ناھايىتى چوڭ بىر ئات بەيگىسى ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. بەيگە ھەققىدە شۇنداق داغدۇغىلىق خەۋەرلەرنى تارقىتىۋېتىپتۇكى، بەيگە باشلىنىپ بولغىچە مەيدان ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ. بەيگە مەيدانى دەل يىگىتنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى يايلاق ئىكەن. بەيگە ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈنى ھەممە ئەمەلدار، بەگلەر ئەڭ ئېسىل ئارغىماقلىرىغا مىنىپ، سەپ بولۇپ بەيگە مەيدانىغا بېرىشقا تەييارلىنىپتۇ. بىراق شاھ مەيدانغا بېرىشقا قىلچە ئالدىرىماپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر-ۋۇزرالار پادىشاھنىڭ بۇ قىلىقىدىن تولىمۇ ھەيران بوپتۇ.

شاھ باشقىلار كېتىپ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ھېلىقى ئاتقا مىنىپ بىرلا «چۇھ!» دېگەنىكەن، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە يىگىتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. ۋەزىر-ۋۇزرا-لار بولسا يېرىم يولدا بوراندەك تېزلىكتە ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتكەن پادىشاھنى تونۇپ، ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپتۇ ۋە شاھنىڭ بىرىنچى بولىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىپتۇ.

بەيگىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى دەل يىگىتنىڭ

دەرۋازىسىنىڭ ئالدى بولۇپ، ھەممەيلەن شۇ يەرگە يىغىلىپتۇ. بەيگە باشلانغانلىقى جاكارلىنىش بىلەن تەڭ ھەممە كىشى ئېتىغا قامچا ئۇرۇپتۇ. ئارغىماقلار پۈتۈن كۈچى بىلەن چېپىپ كېتىپتۇ. بىراق شاھنىڭ ئېتى بەيگە يولى بويىچە ماڭماي، ئوردا تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېتىپتۇ. شاھ تىزگىننى ھەرقانچە تارتسىمۇ توختىماي، پەقەت ئوردىنىڭ ئالدىغا بارغاندىلا ئاندىن توختاپتۇ. باشقىلار ھەيران بولۇپ، ئېتىنى توختىتىشىپ، شاھنىڭ كەينىدىن قارىشىپ قاپتۇ.

قاتتىق غەزەبلەنگەن شاھ ئېتىغا يەنە بىر قامچا ئۇرغانىكەن، ئات دەل بىگىتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا قاراپ چېپىپتۇ. شاھنىڭ بىردەمدىلا كېلىپ بولغانلىقىنى كۆرگەن بەيگە ئەھلى پادىشاھ ئۇتتۇلۇپ قالغان بىرەر نەرسىسىنى ئەكەلگىلى ئوردىغا بارغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، قايتىدىن بەيگىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا يىغىلىپتۇ.

ئاتلارغا يەنە قامچا ئۇرۇلۇپتۇ. بىراق شاھنىڭ ئېتى يەنە ئوردا تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ. پادىشاھ تىزگىننى قانچە تارتىپ باققان بولسىمۇ، ئات ئوردا ئالدىغا كېلىپ ئاندىن توختاپتۇ. ئەسلىدە ئات ئوردا بىلەن بىگىتنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدىلا چاپتۇرۇپ كۆندۈ-رۈلگەنلىكتىن، باشقا يولغا سالسا زادىلا چاپمايدىكەن.

ئەسلىدىمۇ پادىشاھنىڭ زالىملىقىدىن قاقشاپ كېلىۋاتقان خەلق بۇگۈنكى بۇ پۇرسەت-تىن پايدىلىنىپ، پادىشاھنى راسا مەسخىرە قىلىشىپتۇ. قاتتىق ئىزاغا قالغان پادىشاھ ئەمدى پادىشاھلىق قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ ئاتنىمۇ تاشلاپ، پادىشاھلىقتىنمۇ ۋاز كېچىپ، بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە قاراپ كېتىپتۇ.

خەلق پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغىنى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىشىپ، شاھنى ئاجايىپ ئەقىل-پاراسىتى بىلەن باپلىغان پادىشاھنىڭ كۈيئوغلىنى پادىشاھلىققا سايلاپتۇ. شۇندىن كېيىن بۇ شەھەر خەلقى راھەت-پاراغەت، ئەدلى-ئادالەت ئىچىدە ياشىغان ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدىرېھىم بارات
توپلىغۇچى: تۇرغۇنجان تۇرسۇن

## مېنى يېپىسىز باغلىغان
## سىزنىڭ شەھلا كۆزىڭىز

تاش ئېتىپسەن ئۆستەڭگە
شال كۆۋرۈكنىڭ بېشىدىن.
نىمە خەۋەر ئەپ كەلدىڭ
بىزنىڭ يارنىڭ قېشىدىن؟

ئاسماندىكى بۇلۇتتىن
ياغارمىكىن قار، يامغۇر.
ئىزدىگەنگە تېپىلماس
ساڭا ئوخشاش بىر غەمخور.

ئەجەپمۇ شېرىن ئىكەن
يېڭى باغنىڭ مېۋىسى.
يۈرىكىمنى ئوينىتتى
يارىمنىڭ ئۈن-تىنۋىشى.

راۋاپنى تولا چالدىم،
ئۇندىن چىقمىدى دەردىم.
ساقالىمۇ ئاق كىردى،
ئۈمىد ئۈزمىدىم سەندىن.

ئورمانلىقتا ئوت كۆيسە،
يەرەڭ ياغلىق دەپتىمەن.
بېشىمغا كۈن چۈشكەندە،
سېنى ئىزدەپ كەپتىمەن.

كۆز يېشىم تارام-تارام،
ياردىن كەلمىدى سالام.
ياردىن كەلمىسە سالام،
بۇ كۈنلەر ماڭا ھارام.

پىچاقنىڭ بىسىمىدۇ؟
شەمشەرنىڭ تىغىمىدۇ؟
يۈرىكىمنى خۇن قىلغان
ھەسرەتنىڭ دېغىمىدۇ؟!

كەلكۈننىڭ سۈيى كەلدى
ئېگىز تاغنى ئايلىنىپ.
سەن ماڭا نېمە قىلغان،
قالدىم ساڭا باغلىنىپ.

دۇتار چالساڭ ئاڭلىدىم،
ساتار چالساڭ ئاڭلىدىم.
سەندەك بىر لەۋەن يارنى
ناخشا بىلەن باغلىدىم.

چالمايمەن راۋابىڭنى،
قولۇمدا زەخمىكى يوقتۇر.
بۇ شەھەرنىڭنى ئىزلىسەڭ،
مېنىڭدەك دەردمەنى يوقتۇر.

داۋزاڭنى تولا قاقتىم،
ھالقىسىنى شاراقلاتتىم.
راست گېپىڭنى بەرمىگەچ،
سېنىڭدىن يىراقلاشتىم.

بۇرۇق ئاتتىم ھاۋاغا،
قىزىل بولدى چەشمىسى.
يارىمنى لەۋەن قىلغان
چېچىدىكى ئەشمىسى.

ھويلاڭدىكى تېرەككە
سېغىزخان ئۇۋا ساپتۇ.
ساڭا يازغان بىر خەتتە
كۆڭلۈمدىكى گەپ قاپتۇ.

قوغۇنلۇققا يول ئېلىپ،
چىغىر يولدىن قايرىلدىم.
غۇرۇلاي كۆزلۈك يارىمنى
بىر سۆيمەستىن ئايرىلدىم.

سامانلىققا ئوت ياقسام،
چەللەكمۇ كۆيۈپ كەتتى.
سېنىڭ ئىشقى ئوتۇڭدا،
بۇ جېنىم تۈگەپ كەتتى.

چوڭ جىرانىڭ قېشىدىن
سۇ باشلىدىم ئورمانغا.
ئۆتتى تالاي چاغلىرىم
يېتەلمەستىن ئارمانغا.

كەپتەرلەر كېلىپ چۈشتى
دان تاشلىغان ئۆگزەمگە.
كۆڭلۈمنى بېرىپ قويدۇم
لېيى خام ئۆلەرمەنگە.

چوڭ ئۆستەڭنىڭ بويىدا
سۆگەت شېخى سۇنۇپتۇ.
دەردىڭنى تولا تارتىپ،
كۆزنىڭ نۇرى ئۆچۈپتۇ.

بېغىمدا پىشىپ قالدى
ئەينۇلا بىلەن شاپتۇل.
خەق نېمە دېسە مەيلى،
مەن يارىمغا بولدۇم قۇل.

كۆمۈرنىڭ قاراسىمۇ؟
كۆڭلۈڭنىڭ ئالاسىمۇ؟
مېنى بۇ ھالغا قويغان
سەن يارنىڭ بالاسىمۇ؟

گۈلۈمتى① نىڭ ئۆستىڭى
سۇ كەلمەي قۇرۇپ قاپتۇ.
يار سۆزۈمگە كىرمىگەچ،
كۆڭلۈممۇ ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئۆردەكلەر ئۈزۈپ ئوينار
ئىشىك ئالدىدىكى كۆلدە.
كۆڭلۈم زەپ چۈشۈپ قالدى
سۇمبۇل چاچلىق بىر گۈلگە.

ئىرغاينىڭ چوغىمكىن؟
يۇلغۇننىڭ چوغىمكىن؟
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن
قاراقاش ئوتىمكىن؟

① گۈلۈمتى ــ جاي نامى.

ئى بىلىقتەك ئاقىنا،
تومۇچۇقتەك ساقىنا.
سەن يارىمنىڭ بويلىرى
شىشە قۇتىدەك ئاقىنا.

يىراققا سەپەر قىلدىم
كۆرەڭ قاشقا ئات بىلەن.
كۆرۈشكىچە ئامان بول،
بىرگە يۈرمە يات بىلەن.

ھاۋادىكى لاچىننىڭ
قاناتىغا ئوق تەگدى.
سىنىڭ قىلغان گەپلىرىڭ
يۈرىكىمگە بەك تەگدى.

ئەنجان تاملىق ھويلاڭدىن
كۆك كەپتەر ئۇچۇپ چىقتى.
ئىككىمىز بىر بولغاندا،
شۇمبۇيا ئۇنۇپ چىقتى.

تاغ ئارقىسى دەيدىكەن
ئېلى تامان يۇرتلارنى.
خۇدايىم ئامان قىلسۇن
ھەر جايدىكى دوستلارنى.

تېرىپ كەلدىم چوغلۇقنى
يامانتام① نىڭ ئىدىرىدىن.
خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن
دۇشمەنلەرنىڭ مىكرىدىن.

سېۋەتكە سېلىپ چىقتىم
ئەنجۈر بىلەن ئالمىنى.
خۇدايىم يىراق قىلسۇن
بىر ئۈگۈلۈقتىن گالۋاڭنى.

كەلكۈن كەپتۇ دۆڭلۈكتىن
چوڭ ئېتىزنى باسقىلى.
ھارۋام بىلەن جابدۇناي
يار قېشىغا كەتكىلى.

بىدىلىكتىن مېڭىپسىز،
ماڭغان سىزنىڭ ئۆزىڭىز.
مېنى يېپسىز باغلىغان
سىزنىڭ شەھلا كۆزىڭىز.

باغ ئىكەنۇ، باغ ئىكەن،
ئەنجان تاملىق باغ ئىكەن.
ئەنجان تېمى تۈۋىدە
روزىلەمخان بار ئىكەن.

شايى پەشمەت تونلىرى،
باغ ئېرىقتا يوللىرى.
كۈننى قوغلاپ ئاي ئۆتتى،
كۆرۈنمەيلا ئۆزلىرى.

ئىشىك ئالدى تال-تېرەك،
شامال چىقسا لىڭشارمۇ؟
ئىچىمدىكى بۇ دەردنى
يارغا ئېيتسام تىڭشارمۇ؟

كۈڭگۈر تاملىق قورودا
بەزمە-مەشرەپ تۈزۈپسەن.
كۆرۈنمىسەم بىرەر كۈن،
ئۈمىدىڭنى ئۈزۈپسەن.

مەنمۇ ماڭدىم باچاڭغا،
سەنمۇ ماڭدىڭ باچاڭغا.
ئەجەپ ئىچىم ئاغرىيدۇ
بەختى قاچقان ئاچاڭغا.

چۈنەكلىكتە شوخۇلا،
ئۈنى يەپتۇ توخۇلار.
ئەقىدەمنى بىلمىگەن
ھارام تاماق موخۇلار.

مەلەمدە بىر قىز ئۈيتاغلىق،①
ئۈيتاغدا مال ئوتلاغلىق.
يالغۇزلۇقتىن جاق تويدۇم،
قوروپ كەتسۇن بويتاقلىق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇۋايىت ئابدۇللا

توپلىغۇچى: قاسىم كېرىم

---

① يامانتام — جاي نامى.

② ئۈيتاغ — جاي نامى.

# ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە يالماۋۇز ئوبرازى

**ئەسەت سۇلايمان**

ئالتاي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا باي ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەدەنىيىتىنى ياراتقان. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ۋە چۆچەكلىرى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋە بەدىئىي قىممىتى بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلدى. ئالتاي داللىرى ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە يايلاقلىرىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى ئۇلارنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاغزاكى ئەدەبىياتنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى ئالتاي خەلقلىرى مەدەنىيىتىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تەتقىقاتچىلار ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىسىز ئۇلاردا مەدەنىيەت ئورتاقلىقى بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قاراشماقتا.

دەرۋەقە، پۈتكۈل ئالتاي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ خەلقلەر ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئورتاق رايون بىرلىكى ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە مىللىي ئارىلىشىشنىڭ قويۇق بولغانلىقى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلىدە مۇئەييەن ئوخشاشلىقنىڭ ساقلانغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا ئۇزاق مەزگىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد — شامان دىنىنىڭ ھۆكۈم سۈرگەنلىكى سەۋەبلىك، بۇ خەلقلەردە مىللىي پسىخىكا، مىللىي خاراكتېر، مىللىي تەپەككۇر شەكلى ۋە مىللىي ئېستېتىك زوق قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئورتاقلىقلار ساقلانغان. شۇڭا پۈتكۈل ئالتاي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا نەزەر سالغانىدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئېپوس خاراكتېرىنى ئالغان مەشھۇر داستانلار ۋە سېھرىي تۈسى قويۇق بولغان قەھرىمانلىق چۆچەكلىرى مەۋجۇد. بۇ ئەسەرلەرنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلاردا ئالتاي خەلقلىرىنىڭ بايانىي ئەدەبىياتىغا خاس ئورتاقلىق ۋە ئۆزىگە خاس مىللىي ئۆزگىچىلىك بار. شۇڭا، ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىدىكى ئورتاقلىق ۋە خاسلىقنى تەتقىق قىلغانىدا، سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىش، شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئىزدىنىشلىرىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغۇسى.

ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ بايانىي ئەدەبىياتىدا (بولۇپمۇ ئېپوس ۋە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدە) مەركەزلىك ھالدا قەھرىمان شەخس («خاقان»، «باتۇر»، «مەرگەن»، «ئەر» ياكى «يىگىت») ئوبرازى ۋە سەلبىي كۈچ — يالماۋۇز (ماڭگۇز) ئوبرازى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن. بۇ خىل ئوبرازلار ھەرقايسى ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئېپوس ۋە چۆچەكلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ. قەھرىمان شەخس بىلەن يالماۋۇز (ماڭگۇز) ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسەسىز كۈرەش ئالتاي خەلقلىرى ئېپوس ۋە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىنىڭ ئاساسىي (بەزىدە قىسمەن) سيۇژىتىنى تەشكىل قىلغان. مەسىلەن: دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە «ماناس»، «جاڭغىر»، «گېسار» قاتارلىق مەشھۇر ئېپوسلاردىن تارتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ «چىن تۆمۈر باتۇر»، «كەنجى باتۇر»، «يالماۋۇز»، قازاقلارنىڭ «ئېر تۆستىك

باتىر»، قىرغىزلارنىڭ «دۇلدۇل مىنگەن ئاسلىبېگ»، يۇغۇرلارنىڭ «ئۈچ باشلىق يالماۋۇز بىلەن باتۇر يىگىت»، موڭغۇللارنىڭ «قارلىغاچ شاھزادە»، «ئۈچ ياشلىق كۇشا»، ئۆزبېكلەرنىڭ «بەدەلى باتۇر»، سالالارنىڭ «ئات بالىسى»، داغۇرلارنىڭ «ئېيىق بالىسى» قاتارلىق قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىگە قەدەر، ھەممىسىدە قەھرىمان ئوبرازى بىلەن ۋەھشى يالماۋۇز (ماڭگۇز) ئوبرازى بار. بىز بۇ ئوبرازلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئورتاقلىقى بولغان نۇرغۇن تەرەپلەرنى بايقايمىز، بولۇپمۇ ئۇلاردىكى سەلبىي كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى يالماۋۇز (ماڭگۇز) ئوبرازى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئۆزىگە تارتىدۇ. چۈنكى، بۇ بەدىئىي ئوبراز پۈتكۈل ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ بايانىي ئەدەبىياتىدا زور ئورتاقلىقنى ھاسىل قىلغان. خوش، ئۇنداقتا ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېپوس، چۆچەكلىرىدە ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن يالماۋۇز (ماڭگۇز) ئوبرازىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك، ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ۋە خاراكتېرىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك نېمە؟ تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىگە سۇنماقچىمىز.

**1. 〈يالماۋۇز〉 بىلەن 〈ماڭگۇز〉 ئاتالغۇسىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئېتىمولوگىيىسى**

ئېنگېلس: «بىز تارىختا قانچە چوڭقۇر ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى كېلىپ چىقىشى ئوخشاش بولغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ شۇنچە كۆپ يوقىلىپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنداق بولۇشى، بىر تەرەپتىن، تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئۆزىنىڭ خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، دەۋرلەر قانچىكى يىراقلاشقانسېرى تارىخىي ماتېرىياللارمۇ شۇنچە ئازلاپ بارىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئوخشاش بىر ئىرققا مەنسۇپ بىرمۇنچە مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسى (يىلتىزى) غا قانچە يېقىنلاشقانسېرى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق تەرەپلەرمۇ شۇنچە كۆپىيىپ بارىدۇ» ① دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئېپوس ۋە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدە ئومۇميۈزلۈك 〈يالماۋۇز〉 دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بەدىئىي ئوبرازلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ ئوبراز ئۇيغۇرلاردا يالماۋۇز، ئۆزبېكلەردە يالماغىز، قازاقلاردا جالماۋىز، قىرغىزلاردا جېلماغۇز دېگەن شەكىللەردە ئۇچرايدۇ، موڭغۇل ۋە مانجۇ-تۇنگۇس تىل ئائىلىلىرىگە مەنسۇپ ھەرقايسى خەلقلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدا ماڭگۇس (Manggus) دېگەن سۆز شەكلىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ھەر خىل ناملاردا ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: قەدىمكى موڭغۇل تىلىدا ماڭگۇس (蟒古斯)، ھازىرقى زامان موڭغۇل تىلىدا ماڭگاس (蟒嘎斯)، موڭغۇل تىلىنىڭ بۇريات دىئالېكتىدا ماڭگادخاي (蟒嘎德海)، داغۇر تىلىدا ماڭگاي، ئېۋېنكى، ئېلۇنچۇن ۋە خېجى تىللىرىدا ماڭماۋ (蟒貌) ياكى ماڭگاي (蟒盖)، سالار تىلىدا ماڭسخار (蟒斯罕尔) قاتارلىق شەكىللەردە ئۇچرايدۇ.

كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان يەنە بىر بايقاش شۇكى، بۇ سۆزنىڭ ۋارىيانتى ھازىرقى ۋېنگرىيە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا تا بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ قالغان. ۋېنگرىيە ئالىمى لاۋرېنس بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ۋېنگرىيە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بىزنىڭ دىققىتىمىز تازا چۈشۈپ كەتمىگەن غەيرى مەخلۇقات تىپىدىكى بىر خىل يالماۋۇز ئوبرازى بار... ئادەتتە كىچىك بالىلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ نامى زىكرى قىلىنىدۇ. ۋېنگرىيە يېزا-قىشلاقلىرىدا بۈگۈنگە قەدەر بىر خىل تىل ئادىتى ساقلانغان بولۇپ، كىچىك

باللار گەپ ئاڭلىماي، قەغىشلىك قىلغاندا ئانىلار دائىم: «شۈك بول، بولمىسا مۇمۇس سېنى ئېلىپ كېتىدۇ!...» دەپ قورقىتىدۇ. بەزى جايلاردا بۇ سۆزنىڭ بۇبۇس دېگەن شەكلىمۇ ئۇچرايدۇ. مېنىڭچە، موڭغۇل ياكى ئاسىيا قورۇقلۇقى تىللىرىدا ماڭگۇس سۆزىنىڭ ۋېنگرىيە ئەدەبىياتىدا مۇمۇس ياكى بۇبۇس شەكلىدە ساقلىنىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت مۇمكىنچىلىكنى يوق دېگىلى بولمايدۇ» ② دەيدۇ. دېمەك، ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بايانىي ئەدەبىياتىدا ئۇچرايدىغان يالماۋۇز (ماڭگۇز) سۆزىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئاللىقاچان ياۋروپا تىل سىستېمىسى ۋە ياۋروپا مەدەنىيەت تىپىغا مەنسۇپ بولۇپ كەتكەن قەدىمكى هونلارنىڭ ئۆزگەرگەن ئەۋلادى ۋېنگرلار ئەدەبىياتىدا هازىرغىچە ساقلانغانلىقى بىزدە بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنبەسى قەدىمكى ئانا ئالتاي تىلى (ئورتاق ئالتاي تىلى)غا تەئەللۇقمۇ يوق، دېگەن گۇماننى پەيدا قىلىدۇ.

تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتىدا يالماۋۇز (ماڭگۇس) ئوبرازى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ۋەھشىي قارا كۈچلەرگە ۋە بەدىئىيلىككە سىمۋول قىلىنغان ئوبرازلار مەۋجۇد. ھەتتا بەزى تىللاردا «ماڭگۇس» دەپ ئاتىلىدىغان بەدبۇي مەخلۇقاتلارنىڭ ئوبرازى بار. «جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئافرىقىدا ياشايدىغان بەزى خەلقلەر بىر خىل يىرتقۇچ هايۋاننى «ماڭگۇس» ياكى «ماڭگۇستا» دەپ ئاتايدۇ.» ③

بۈگۈنكى كۈندە ئالتاي خەلقلىرى دېگەن بۇ نام پەقەت بىر تارىخىي ئۇقۇم سۈپىتىدىلا ساقلىنىپ قالغان شارائىتتا، بەزى نەرسىلەرنىڭ ئورتاق مەنبەداشلىقىنى ئېنىقلاش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن مەسىلە. چۈنكى، تىلشۇناسلار ئوتتۇرىغا قويغان ئىپتىدائىي ئورتاق ئالتاي تىلى (ئالتاي تىللىرى بۆلۈنۈپ چىقىشتىن ئىلگىرىكى ئانا ئالتاي تىلى) ھەققىدىكى جانلىق تىل ماتېرىياللىرى ياكى يازما يادىكارلىقلار تېپىلغىنى يوق. شۇنداقتىمۇ ئالتاي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ ھەرقايسى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئومۇمىيۈزلۈك دېگۈدەك يالماۋۇز (ماڭگۇس) ئاتالغۇسى ۋە ئۇنىڭ بىلەن باغلانغان بەدئىي ئوبرازلارنىڭ ساقلانغانلىقى بىزدە بۇ ئاتالغۇنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنبەسى قەدىمكى ئورتاق ئالتاي تىلىغا مەنسۇپ بولسا كېرەك، دېگەن پەرەزنى تۇغدۇرىدۇ.

«يالماۋۇز» ئاتالغۇسىنىڭ هازىرقى ھەرقايسى تىللاردىكى مەۋجۇت شەكلى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىلدىن ئىبارەت:

تۈركىي تىللىق خەلقلەردە: جالماۋىز، يالماۋۇز، يالماغىز ۋە جېلماغۇز؛

موڭغۇل ۋە مانجۇ-تۇنگۇس تىللىق خەلقلەردە: ماڭگۇس، ماڭسخار، ماڭگادخاي، ماڭۋاۋ، ماڭگاي، ماڭگاس.

ۋېنگىر (هون)لاردا: mumus ياكى bubus؛

خوش، بۇ سۆزنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى ۋە مەنبەسىنى قايسى تىلدىن ئىزدەش كېرەك؟ تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنبەسى ۋە مەنىسى ھەققىدىكى قاراشلىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، هازىرغىچە تېخى بىرلىككە كەلگەن ئورتاق پىكىر يوق. ۋېنگرىيە ئالىمى جورجى كارا، بۇ ئوتتۇرا قەدىمكى تۈركىي تىلى (ئوتتۇرا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى)غا قوبۇل قىلىنغان سۆز دەپ قارايدۇ. ④ بۇ ھەقتە قانچىلىك دەرىجىدە ئوخشىمىغان پىكىرلەر مەۋجۇد بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ھەرقايسى ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۆز ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ بۇ سۆزنىڭ ئورتاق مەنبەدىن كېلىپ چىققانلىقىنى قۇۋۋەتلەيمىز.

بىرىنچى، تۈركىي تىللىرىدىكى يالماۋۇز / يالماغىز سۆزى ئىككى تۈپ سۆزدىن ياسالغان بولۇپ، بىرىنچى بوغۇمدىكى «يال / يەل» سۆزى قەدىمكى تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىغا خاس

بولغان سۆزدۇر. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «يەل» سۆزى مۇنداق ئىككى خىل مەنىگە ئىگە: ① يەل، شامال؛ ② سېسىق پۇراق، چىرىكلىك؛ ئۇندىن باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، «سېھىر» مەنىسىدىكى «يەلۋى» دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. تۈركىي خەلقلەردە، جىن-ئالۋاستى تىپىدىكى قورقۇنچلۇق مەخلۇقاتلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا «يەل» سۆزىنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇر ۋە تۈركىي قەبىلىلىرى يەل (شامال)نى مەلۇم سېھىرىي كۈچكە ئىگە نەرسە دەپ قاراپ، جىن-ئالۋاستى ۋە يالماۋۇز ئۇقۇملىرىنى يەل (شامال) بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. «ئۇيغۇرلاردا ‹يېتى باشلىق يېل بۇقە› — يەتتە باشلىق يالماۋۇز — تەسۋىرىمۇ يېل (شامال)غا باغلاپ بېرىلگەن. خەلق ئارىسىدا ئۇزاق زامانلار ساقلانغان ‹يېل تارتى› (شامال دارىدى)، ‹يېل يېكلىك› (شامال جىن) دېگەن ئىبارىلەر شامالنى يەنىلا مەلۇم روھىي كۈچكە باغلاپ ئىشلىتىش ئەھۋالىنىڭ ساقلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.» ⑤

ئەمدى ئىككىنچى بوغۇمدىكى ماۋۇز / ماغىز سۆزىگە كەلسەك بۇ دەل موڭغۇل ياكى مانجۇ-تۇنگۇس تىل ئائىلىلىرىدىكى مىللىي تىللاردا ماڭگۇس / ماڭگاي شەكلىدە ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قەدىمكى ئورتاق ئالتاي تىلىغا خاس سۆزدۇر. ۋېنگرىيە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇمۇس / بۇبۇس سۆزى بولسا قەدىمكى ئالتاي تىلىغا بىۋاسىتە تۇتىشىدىغان ھون تىلىدىن (ئاتتىلانىڭ ياۋروپاغا كۆچۈشى بىلەن) ۋېنگىر تىلىغا قېپ قالغان، ئايرىم فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ۋارىيانتىنى ئىبارەت.

ماڭگاس / ماڭگۇس سۆزىگە كەلسەك، بۇ سۆزنىڭ تۈرلۈك ۋارىيانتلىرى ھەرقايسى ئالتاي خەلقلىرىدە ساقلانغان. قىرغىز ۋە قازاق رىۋايەتلىرىدىكى «ماڭگۇرت» ئاتالغۇسىدىكى سۆز يىلتىزى «ماڭ» پۈتكۈل ئالتاي تىللىرىدىكى جىن-ئالۋاستى بىلەن باغلىنىدىغان سۆزلەرگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان «ماڭ» سۆزى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە. تۈركىي تىللاردا بۇ سۆزنىڭ ئالدىغا «يەل» سۈپىتىنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى، ئەسلىدىكى «ماڭگۇس» سۆزىدە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە سەۋەب بولغان.

ئىككىنچى، تۈركىي تىللىرىدىكى يالماۋۇز / يالماغىز / جالماۋىز ۋە جېلموغۇز سۆزلىرىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى جال جېل، يەل، يال سۆزلىرى شامال، جىن-ئالۋاستى قاتارلىق سېھىرىي ھادىسىلەرنى بىلدۈرىدىغان ‹يېل-يېك› سۆزىدىن كېلىپ چىققان سۈپەت سۆزدۇر. ئىككىنچى بوغۇمىدىكى ماۋۇز، ماغىز، مۇگۇز موڭغۇل ۋە مانجۇ-تۇنگۇس تىل ئائىلىلىرىدىكى ماڭگاس، ماڭگۇز سۆزلىرى بىلەن ئورتاق مەنبەداش بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى ئانا ئالتاي تىلىغا خاس بولغان مۇڭگۇز سۆزىگە تاقىلىدۇ. چۈنكى مۇڭگۇز ئاتالغۇسىمۇ ئالتاي تىللىق خەلقلەردە كۆپىنچە سېھىرىي تۇسكە ئىگە شەيئى-ھادىسىلەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ‹يەل مۇڭگۇز›، ‹يەتتە باشلىق يەل مۇڭگۇز›، ‹قوش مۇڭگۇزلۇك ئىسكەندەر› ...

دېمەك، ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئېپوس ۋە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدىكى قارا كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى، بەدىئىي ئوبراز — يالماۋۇز (ماڭگۇز)، ئەسلىدە «يەل» ۋە «مۇڭگۇز» سۆزلىرىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل تەرەققىياتى داۋامىدا، ھەر خىل شەكىللەردە ئاتىلىپ قېلىشىدىن قەتئىينەزەر، قەدىمكى ئورتاق ئالتاي تىلىغا تۇتىشىدىغان خاس ئاتالغۇدىن ئىبارەت. دەرۋەقە، ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ھازىرقى زامان

مىللەتلىرىگە بۆلۈنۈش باسقۇچى ئاللىقاچان ئورۇنلانغان بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ تىل ۋە فولكلورىدىكى مەنبەداشلىقنى ئىگە نەرسىلەردە ياكى ئۇنداق ياكى بۇنداق ئىنچىكە پەرقلەرنىڭ بولۇشى ساقلانغىلى بولمايدىغان تەبىئىي هادىسىدۇر. شۇڭا ئاخىرىدا شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، «يالماۋۇز»، ياكى «ماڭگۇز» ئانالغۇسى ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ئالتاي خەلقلىرىگە ئورتاق بولغان بىرلا ئىبارە ۋە ئۇقۇمدىن ئىبارەت.

## 2. يالماۋۇز (ماڭگۇز) ئوبرازىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى

ئالتاي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ۋە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، يالماۋۇز (ماڭگۇز) ئوبرازىدىكى نۇرغۇنلىغان ئورتاق تەرەپلەرنى بايقىغىلى بولىدۇ. تۆۋەندە بىز سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن يالماۋۇز ئوبرازىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى مۇلاھىزە قىلىمىز:

**(1) يالماۋۇزنىڭ تاشقى قىياپەت ئالاھىدىلىكى**

بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى داستانى «ئوغۇزنامە»دە باتۇر ئوغۇزخاننىڭ ئىنسانىيەت ۋە جان-جانىۋارلارغا ئاپەت كەلتۈرىۋاتقان ۋەھشىي مەخلۇق — تاق مۈڭگۈزلۈك قىئات بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت ۋەقەنى ئۇچرىتىمىز. قىئات — دەل قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەسەۋۋۇرىدىكى ۋەھشىي تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئىپىدائىي بەدىئىي كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ساددا تەسەۋۋۇرىدا ئەكس ئەتكەن ئوبرازى — ۋەھشىي يىرتقۇچ ھايۋان ياكى غەيرىي مەخلۇقاتتىنلا ئىبارەت. يالماۋۇز (ماڭگۇز)نىڭ كېيىنكى دەۋرلەر ئېپوسلىرىدىكى تەسۋىرىدە يېرىم ئادەم، يېرىم ھايۋان سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇنى ئەڭ دەسلەپ ۋەھشىي ھايۋان سۈپىتىدىلا تەسەۋۋۇر قىلغانلىقىنى جۈشەندۈرىدۇ. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر داستان «چاستانى ئىلىگ بەگ» تە جىن-ئالۋاستىلارنىڭ بەدىئىي كۆرۈنۈشى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «چاستانى ئىلىگ بەگ تۆت كوچا دوقمۇشىغا يېتىپ كېلىپ، سانسىزلىغان جىنلارنى كۆردى؛ ئۇ جىنلار ئادەملەرنىڭ گۆشىنى يەپ، قېنىنى ئىچىپ، ئۇچەيلىرىنى بەدەنلىرىگە يۆگىۋالغان ئىدى...» ⑥ ھەرقايسى ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئېپوس ۋە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدىكى يالماۋۇز (ماڭگۇز) دەل ئادەم گۆشى يەپ، قېنىنى شورايدىغان ۋەھشىي خاراكتېرگە ئىگە. دېمەك، يالماۋۇز (ماڭگۇز)نىڭ مۇكەممەل بىر تاشقى كۆرۈنۈش شەكلىگە كىرىشى ئالتاي خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن.

يالماۋۇز (ماڭگۇز)نىڭ يورتىرىت تەسۋىرىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكنىڭ بىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ كۆپ باشلىق غەيرىي مەخلۇق. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئۇ ئاساسەن يەتتە باشلىق بەدىئىي مەخلۇق سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېپوس ۋە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدە يالماۋۇزنىڭ ئاساسەن يەتتە باشلىق بولۇشى، ئېھتىمال تۈركىي خەلقلەردىكى يەتتە سان مۇقەددەسلىكى ئەقىدىسى بىلەن باغلانسا كېرەك.

«موڭغۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ماڭگۇس بىر خىل ئادەم يەيدىغان ۋەھشىي مەخلۇق سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بەت-بەشرە، ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولۇپ، ھىيلە-مىكىرگە توشقان ۋە ھەر خىل شەكىللەرگە ئۆزگىرەلەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ كۆپ باشلىق بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ بېشى 12، 15، 25، 35، 95

بولۇپ، سانى بىردەك بولمايدۇ. بېشى قانچە كۆپ بولسا، كۈچ-قۇدرىتىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ.» ⑦ «داغۇر خەلق سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ماڭگاي (蟒盖)نىڭ تاشقى قىياپىتى ئۆزگىرىشچان، گەۋدىسى غايەت زور، يېرىم ئادەم، يېرىم ھايۋان قىياپەتلىك مەخلۇق بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭ بىر، ئۈچ، توققۇز، 20 ھەتتا 100 بېشى (كاللىسى) بولىدۇ. پۈتۈن بەدىنىنى تۈك باسقان بولۇپ، قان شوراپ، خوتۇن-قىزلارنى بۇلايدۇ، نەترايقا ۋابا تارقىتىدۇ...» ⑧ ئۇنىڭدىن باشقا، يوغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۈچ باشلىق، سالار خەلق چۆچەكلىرىدە سەككىز ياكى توققۇز باشلىق يالماۋۇزلار ئۇچرايدۇ.

دېمەك، ھەرقايسى ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئېپوس ۋە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدە يالماۋۇز (ماڭگۇس)نىڭ كۆپ باشلىق بولۇشى ئۇنىڭ پۈتۈنلەي شەكىللەندۈرگەن مۇھىم تەرەپ بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەھشىي قىياپىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**(2) يالماۋۇزنىڭ يىرتقۇچلۇق خاراكتېرى**

ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېپوس ۋە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدە يالماۋۇز بىر خىل ۋەھشىي، بەدنۇيى، يېرىم ھايۋان، يېرىم ئادەم سۈپىتىدىكى قورقۇنچلۇق مەخلۇق. ئۇنىڭ تىپىك يىرتقۇچلۇق خاراكتېرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ ئادەم گۆشى يەيدۇ. ئادەم ۋە باشقا جان-جانىۋارلارنى تىرىك يۇتىدۇ ۋە قان شورايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «كەنجى باتۇر» چۆچىكىدە يەتتە باشلىق يالماۋۇز تاغ ئۆڭكۈرىدە ئادەم ۋە جان-جانىۋارلارنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ، كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ. ئاخىرىدا ئۇ پادىشاھنىڭ گۈزەل مەلىكىسىنى زىخقا سانجىپ يېمەكچى بولغاندا، كەنجى باتۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدە چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلانى يەتتە باشلىق يالماۋۇز تۇرۇۋسقا ئېسىپ، تاپىنىغا بىگىز سانجىپ، قېنىنى شورايدۇ. يوغۇرلارنىڭ «ئۈچ باشلىق يالماۋۇز بىلەن باتۇر يىگىت» ناملىق چۆچىكىدە يىگىتدىن توي قىلغان يىگىت ئوۋغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۈچ باشلىق يالماۋۇز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يېڭى كېلىنچەكنىڭ قېنىنى شوراپ ھالىنى قويمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا موڭغۇل، داغۇر، سالار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر چۆچەكلىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان دېتاللار مەۋجۇد.

دېمەك، ئادەم يېيىش ياكى ئادەم قېنى شوراش — يالماۋۇزنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپى، بۇ ئىنسانلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا قورقۇنچلۇق تەبىئەت كۈچلىرى (يىرتقۇچ ھايۋانلار، تەبىئىي ئاپەتلەر)نىڭ توختاۋسىز تەھدىتى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ ساددا تەپەككۇرى ئارقىلىق ياراتقان بەدىئىي ئوبرازىدۇر. يالماۋۇزنىڭ ئادەم گۆشى يەپ، قان شورىشى — ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان، تېخى ئىجتىمائىي خاراكتېر ئالمىغان ھالەتتىكى خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدۇر.

**(3) يالماۋۇزنىڭ ئادەملەشتۈرۈلگەن خاراكتېرى**

نۇرغۇن ئېپوس ۋە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدە يالماۋۇزنىڭ شۇنچە ۋەھشىي مەخلۇق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭغا يېرىم ئادىمىيلىك خۇسۇسىيەت بېرىلگەن. يالماۋۇز ئادەملەرگە ئوخشاش گەپ قىلالايدۇ ۋە تەپەككۇر قىلالايدۇ. ھەتتا قوۋلۇق-شۇملۇق ۋە ئاياللارغا خاس ناز-كەرەشمىدە ئادەملەردىن ئېشىپ چۈشىدۇ، شۇنىڭدەك ئادەملەرنى ئاسانلا ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ كۆپ ھاللاردا ئاق چاچلىق موماي قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى يىرتقۇچلۇق ماھىيىتىنى تامامەن يوشۇرۇپ قالالايدۇ. ئۇنىڭ يوقىرىقىدەك كۆپ خىل ماھىيىتىدىن شۇنى بايقىغىلى بولىدۇكى، يالماۋۇزنىڭ ئادەملەشتۈرۈلۈشى — ئۇنىڭ خاراكتېر تەرەققىياتىدىكى چوڭ بىر سەكرەشتىن

ئىبارەت. بۇ دەل ئىنسانىيەتنىڭ ياۋايىلىق دەۋرىدىن مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدىغان بىر دېتال، چۈنكى يالماۋۇز-نىڭ ئادەملەشتۈرۈلۈشى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان بىرتۇتقۇچلۇق خاراكتېرىگە يېڭى مەزمۇن، يەنى ئىجتىمائىي خاراكتېر قوشقان.

**(4) يالماۋۇزنىڭ كۆپ روھلۇق خاراكتېرى**

ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئېپوس ۋە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدە تەسۋىرلەنگەن يالماۋۇز كۆپ باشلىق بولۇش بىلەن بىرگە يەنە كۆپ روھلۇق خاراكتېرگە ئىگە. چۈنكى جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ۋە چۆچەكلىرى دەل ئۇلاردا شامانىزم ئەقىدىسى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان دەۋرلەردە پەيدا بولۇشقا باشلىغان. شامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىن بولغاچقا، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىمۇ ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەردە كۆپ خىل روھ بولىدۇ دېگەن قاراش ئۈستىگە قۇرۇلغان. «موڭغۇللار-نىڭ شامان ئەقىدىسىدە ئادەمدە ئۈچ خىل روھنىڭ بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بىرىنچى، مەۋجۇد روھ، ئادەم ئۆلسىمۇ ئۇ ئۆلمەيدۇ، ھايات كىشىلەر بىلەن تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا ياردەم قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ۋاقىتلىق روھ، ئۇ ئادەمگە ياندىشىپ تۇرىدۇ، بەزىدە ئادەم تېنىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىپمۇ تۇرىدۇ. ئادەم ئۇخلاپ قالغان چاغدا، ئۇ تەندىن ئايرىلىپ باشقا جايلاردا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەنگە قايتىپ كېلىشى بىلەن ئادەم ئۇيقۇدىن ئويغىنىدۇ. ئۈچىنچىسى، قايتا تۇغۇلۇپ ھاياتلىققا ئېرىشكەن روھدۇر.» ⑨

دېمەك، ھەرقايسى ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ شامان ئەقىدىسىدە كۆپ روھنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش قارىشى ئۇلارنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بىز ئۆزىمىزگە كۆپرەك تونۇشلۇق بولغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ بايانىي ئەدەبىياتىغا نەزەر تاشلىساق، ئۇنىڭدا يالماۋۇزنىڭ روھىنىڭ كۆپ خىل ئىكەنلىكىنى، ھالقىلىق پەيتلەردە ئۇنىڭ روھىنىڭ سېھىر قىلىنىپ ھايۋاناتلارغا، تاشلارغا، دەرەخلەرگە، قۇشلارغا. ھەتتا ياشقىلارنىڭ نەزەرى چۈشمەيدىغان نەرسىلەرگە ئايلان-دۇرۇلغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇيغۇر خەلق چۆچەك-لىرىدىن «جادۇگەرنىڭ ھالاكىتى» دە، مەلۇم شەھەرنىڭ ئايال پادىشاھى جادۇگەر بولۇپ، ئۇ پۈتۈن شەھەردىكى كىشىلەرنى جادۇ قىلىپ، ھەر خىل ھايۋانلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدە چىن تۆمۈر باتۇر يالماۋۇزنىڭ بىر بېشىنى كەسكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆلمەيدۇ، ئەكسىچە تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ: «بىر بېشىمنىغۇ كەستىڭ، قالغان ئالتە بېشىمغا قانداق جاۋاب بېرىسەن؟» دەپ جان-جەھلى بىلەن چىن تۆمۈر باتۇرغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە «ئەل قوۋان باتۇر» ناملىق چۆچىكىدە يالماۋۇز (ئالۋاستى) نىڭ نۇرغۇن بېشى بولۇپ، ئەل قوۋان باتۇر شەمشەر بىلەن ئۇنىڭ 56 كاللىسىنى توختىماي كېسىدۇ. لېكىن بىرنى چاپسا، ئۇنىڭ كاللىسى يەنە ئۇختاشلا ئۆسۈپ چىقىپ، باشتىن-ئاخىر ئۆلمەيدۇ. ئەسلىدە ئالۋاستىنىڭ روھى (جېنى) ناھايىتى مەخپىي جايغا يوشۇرۇنغان بولۇپ، بىر ئۆڭكۈردە ساندۇق قويۇلغان، ساندۇقنىڭ ئىچىدە ئالتۇن بېلىق، ئالتۇن بېلىقنىڭ قورسى-قىدا توخۇم، توخۇمنىڭ ئىچىدە كىچىك تۇمار، تۇمارنىڭ ئىچىگە يالماۋۇز (ئالۋاستى) نىڭ روھى يوشۇرۇنغانىكەن.

يالماۋۇزنىڭ كۆپ روھلۇق بولۇشى ۋە روھىنىڭ باشقا نەرسىلەرگە سېھىر قىلىنىشى ئالتاي خەلقلىرىنىڭ بايانىي ئەدەبىياتىدىكى شامانىزملىق ئورتاق خۇسۇسىيەتتۇر. بۇ خىل ھادىسە دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئەنگلىيە ئالىمى

فرازېر: «روھنى ئادەم تېنىدىن ھايۋانلار تېنىغا يۆتكەش ئەر-ئايال شامان (قام)لار تەرىپىدىن ئالاھىدە سېھرىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، سىبىرىيىدە ياشايدىغان ياقۇتلارنىڭ قارىشىچە، ئەر-ئايال شامانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق روھنى ياكى يانداشقاق روھنى مەلۇم بىر ھايۋانغا كۆچۈرۈۋېتىدىكەن. بۇ ھايۋان ئۇنىڭ روھنى ئېھتىيات بىلەن ساقلاپ، ئىنس-جىنغا ئاشكارىلىمايدىكەن...» ⑩ نۇرغۇنلىغان ئېپوس ۋە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆپ خىل روھقا ئېرىشىش — ئادەملەر، يالماۋۇزلار ۋە بارلىق ھايۋاناتلارغا ئورتاق خۇسۇسىيەت بولۇپ، شامان ئەقىدىسى بويىچە دۇنيا قاراشنىڭ مەھسۇلى.

### 3. يالماۋۇز (ماڭگۇز) ئوبرازىنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي مەنبەسى

«بۇ جەمئىيەتلەر بىزدىن مىڭلىغان دەۋرلەر ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىي قىياپىتىنىڭ ئىنكاسىدۇر. بىزنىڭ تەن ۋە روھىمىز ئاللىقاچان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇگۈنكى كۈندە بىز شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق ھالەتكە كېلەلىدۇقكى، بۇ دەل ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇشى، ئەمگىكى ۋە كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى. خۇددى ئەنگلىيىنىڭ قىيا تاغلىق دېڭىز ساھىللىرى سانسىزلىغان قۇم-شېغىل ۋە مارجان تاشلار بىلەن دېڭىز قۇرتلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغىنىدەك، بىزنىڭ مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىمىزمۇ مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان نامسىز كىشىلەرنىڭ ئۈن-تىنسىز ھالدىكى جاپالىق ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر.» ⑪

ئالتاي خەلقلىرىنىڭ ئېپوس ۋە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدە شۇنچە چوڭقۇر ۋە شۇنچە ئىنچىك يوسۇندا يارىتىلغان يالماۋۇز ئوبرازى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئوبرازىنىڭ كەينىگە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي مەنبە يوشۇرۇنغان. بىز ئۇنىڭ ئوبرازىنى ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى باشقا ھەرقانداق بەدىئىي ئوبرازلارغا قارىغاندىمۇ، بىزدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەن تارىخىي دەۋرلەر ۋە جەريانلاردىن ئىزدىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئالتاي خەلقلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم بەدىئىي ئوبرازلارمۇ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، خىلمۇ خىللىقتىن تىپىكلىككە تەرەققىي قىلىپ، قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىگە قەدەر ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ كەلگەن. بېلىنسكى: «ئېپوسلار مىللىي ئاڭ ئەمدىلا ئويغىنىۋاتقان چاغدا، شېئىرىيەت ساھەسىدە قولغا كەلگەن بىرىنچى قىممەتلىك پىششىق مېۋە. ئۇ بىر مىللەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.» ⑫ دەيدۇ.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئېپوسلار مەيدانغا كېلىشتىن خېلى ئۇزاق دەۋرلەر ئىلگىرىلا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرىدا يالماۋۇز ئوبرازىنىڭ دەسلەپكى شەكلى يارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن. يالماۋۇز ئوبرازىنىڭ ئېپوس ۋە قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدە مۇكەممەل تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن ۋە تەدرىجىي پىششىقلانغان. «يالماۋۇز ياكى جىن-ئالۋاستى تىپىدىكى يامان روھلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مەخلۇقاتلارنىڭ ئوبرازى جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك ئالدى بىلەن كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر ياكى قەبىلىۋى تۇرمۇش

كەچۈرۈۋاتقان خەلقلەردە مەيدانغا كەلگەن، ئاندىن تەدرىجىي ئېكىن تۇرمۇشى مۇھىتىدا ياشاۋاتقان خەلقلەرگە كېڭەيگەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئىزلىرى ئاۋستراليىدىكى ئىپتىدائىي خەلقلەردىن جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارغىچە، ھەتتا ھىندى، بۇددا، خرىستىئان ۋە ئىسلام دىنىدىكى خەلقلەرگىچە سىڭىپ كىرگەن.» ⑬ يالماۋۇز ئوبرازىدىكى بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلەر بىزنىڭ دىققىتىمىزنى يىراق قەدىمكى جەمئىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. يالماۋۇزنىڭ ئادەم گۆشى يەپ، قان شورىشىنى ئىبارەت يىرتقۇچلۇق خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە غايەت قورقۇنچلۇق بولغان تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ تىپىكلەشتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشى. بىزنىڭچە، ئۇنىڭ ئوبرازى ھەممىدىن بەكراك ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى بىلەن باغلىنىدۇ. چۈنكى، يالماۋۇز كۆپ ھاللاردا ئاق چاچلىق موماي قىياپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتىدا ئەر كىشى قىياپىتىدە مەيدانغا چىقىدىغان يالماۋۇز ئوبرازى مەۋجۇد ئەمەس. بۇنىڭدىن شۇنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، يالماۋۇز — ئاياللىق جىنسقا مەنسۇپ مەخلۇق. يەنە كېلىپ يالماۋۇز كۆپ ھاللاردا پادىشاھ-خاقانلارنىڭ گۈزەل مەلىكىلىرى، قەھرىمانلارنىڭ ئاياللىرى ياكى ئاچا-سىڭىللىرىنى ئېلىپ قېچىپ، قېنىنى شورايدۇ ياكى يېمەكچى بولىدۇ. دېمەك، يالماۋۇزنىڭ تۇنجى ھۇجۇم نىشانىمۇ يەنىلا ئاياللاردىن ئىبارەت.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئالتاي خەلقلىرىنىڭ قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدە يالماۋۇز ئوبرازى بىردەك ئوت بىلەن باغلىنىدۇ. قەھرىمان شەخس سەپەرگە ياكى ئوۋغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئايالى ياكى سىڭلىسى بىخۇتلۇق قىلىپ، ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوت ئىزدەپ، يىراق جايدىن ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىس-تۈتەكنى كۆرىدۇ. بۇ دەل يالماۋۇزنىڭ ئۆيى بولۇپ چىقىدۇ. ھەرقايسى ئالتاي خەلقلىرىنىڭ قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىدە بۇ دېتال ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تارىخىي پاكىتلاردىن قارىغاندىمۇ ئوت ئىلاھى ئايال بولۇپ، نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدە ئايال سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. مەركىزىي ئاسىيادا ئوتقا چوقۇنۇش قەدىمكى دەۋرلەردە ناھايىتى ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى قۇياش ئىلاھىيەتچىلىكى بىلەن باغلانسا كېرەك. «گەرچە ئوتقا چوقۇنۇش مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئاھالىسىنىڭ ئانىمىزملىق — تەبىئەت ئىلاھچىلىقى دەۋرىدىكى مۇھىم ئېتىقاد شەكلى بولسىمۇ، زارائاستىرىزم دىنىدىن ئىلگىرىلا بۇ خىل ئېتىقاد شەكلى ساقلانغان.» ⑭

دېمەك، يالماۋۇز ئوبرازىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلەردىن ئاياللىق جىنسقا باغلىنىشى، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرى قەھرىمان شەخس (ئەر)لەر تەرىپىدىن يوقىتىلىشى بىزدە بۇ دەل ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى يىمىرىلىپ، ئاياللار سەلتەنىتىنىڭ ئورنىنى ئەرلەر سەلتەنىتى ئىگىلەشكە باشلىغانلىقىدىن بىشارەت بېرەمدۇ-يوق؟ دېگەن گۇماننى تۇغدۇرىدۇ.

يالماۋۇز ئوبرازىنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭدىن روشەن شامان دىنى پۇرىقىنى بايقايمىز. شۇنچە قورقۇنچلۇق، ۋەھشىي مەخلۇقنىڭ ئاياللىق جىنس بىلەن خاراكتېرلىنىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ھەممىگە مەلۇمكى، شامان دىنى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە پەيدا بولغان. ئەڭ دەسلەپكى شامان

(قام)لارمۇ ئايالLاردىن بولغان. ئوت ئىلاھىنىڭ ئايال بولۇشىمۇ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى. ئوددى ئىنگلىز ئېيتقاندەك: «ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئورنىنى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئېلىشى ئاياللارنىڭ تارىختىكى ئالەمشۇمۇل سەلتەنىتىنى يوقاتتى.» يالماۋۇزنىڭ ۋەھشىي، ئىنسانىيەتكە بالايى-ئاپەت ئېلىپ كېلىشتەك بەدنىي ئوبرازى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە ئەرلەرنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مۇھىتنا يارىتىلغان. قەھرىمان شەخسنىڭ ئەڭ ئاخىرى ئۇنى ھالاك قىلىشى دەل ئەرلەر سەلتەنىتىنىڭ ئاياللار ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. دەرۋەقە، بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

---

ئىزاھاتلار:

(1) «ماركس، ئىنگلىس ئەسەرلىرى ئومۇمىي توپلىمى»؛ خەنزۇچە نەشرى، 16-توم، 570-بەت.

② «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ژۇرنىلى» (غەربىي گېرمانىيە)، ۋېسبادىن-ئوتتو ھارراسوۋىتز نەشرىياتى، 73-توپلام، 212-بەت. 1982-يىلى ئىنگلىزچە نەشرى. (Central Asiatic Journal, Wessibaden—Otto Harrassowetz, Volume 73, 1982, P212.)

(3) «ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، موسكۋا، «رۇس تىلى» نەشرىياتى، 1981-يىلى ئۆزبېكچە نەشرى، 1-توم، 445-بەت.

④، ⑤ رېن چىن دورجى، لاڭ بېك تۈزگەن: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بايانى ئەدەبىياتى ۋە شامان مەدەنىيىتى»، ئىچكى موڭغۇل داشۆسى نەشرىياتى، 1990-يىل خەنزۇچە نەشرى، 14-15-بەتلەر.

⑥ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى قەدىمكى ئىلاھىيەت — تەبىئەت قاراشلىرى توغرىسىدا» — «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990-يىللىق 1-سان، 67-بەت.

⑦ ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 222-بەت.

⑧ «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى لۇغىتى»، شۆيۈەن نەشرىياتى، 1990-يىل خەنزۇچە نەشرى، 452-بەت.

⑨ «شىمالدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى»، ئىچكى موڭغۇل ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 201-بەت.

⑩ فرازېر (ئەنگلىيە) «ئالتۇن شاخ»، جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئىتى نەشرىياتى، 1987-يىل خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 966-بەت.

⑪ مورگان (ئامېرىكا) «قەدىمكى جەمئىيەت»، تىجارەت كىتابخانىسى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 4-بەت.

⑫ «بېلىنسكىي ئەدەبىيات توغرىسىدا»، يېڭى ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى، 1958-يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑬ «دىن ئىنسىكلوپېدىيىسى»، 4-توم، 280-، 281-بەتلەر. ئامېرىكا ماكمىللان نەشرىياتى، نيۇ-يورك 1987-يىل ئىنگلىزچە نەشرى

(The Encyclopedia of Religion, New-York Macmillan publishing compani, Vollume 4, P280—281, 1987, Copright)

⑭ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: «مەركىزىي ئاسىيادا ئېپىدائىي بۇيانس ئىسقادچىلىقى» — «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992-يىل 1-سان، 23-بەت.

# ئىككى چۆچەك

## شاھزادە شاكىر ۋە شاھزادە شاكىرەت

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى شاكىر، كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسمى شاكىرەت ئىكەن. چوڭ ئوغلى شاكىر ئوقۇپ يېتىلگەندىن كېيىن دادىسى ئۇنى لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ چېگرىسىنى قوغداش ئىشىغا ئەۋەتىپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىچىك ئوغلى شاكىرەت بولسا بالاغەتكە يېتىپ، تەقى-تۇرقى كېلىشكەن، ئەقىل-پاراسەتلىك يىگىت بولۇپتۇ. ئۇ ئوردىدا ھەر كۈنى بىلىم تەھسىل قىلىش، قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلىش بىلەن بەنت ئىكەن. ئۇنى ئوردىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى كۆرىدىكەن. شاكىرەتنىڭ يىگىتلەردە كەم ئۇچرايدىغان كۆچتۈڭگۈرلۈك ۋە جەزبىدارلىق شاھنىڭ ئەڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپتۇ. خانىش بىر مەزگىل ئۇنىڭ ئىشقى پىراقىدا ھەسرەت چېكىپ يۈرۈپتۇ. باش خانىش بىر كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شاكىرەتنى خاس بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ ۋە كىيىم-كېچەكلىرىنى يېشىپ تاشلاپ، نازلىنىپ، يىگىتنى ئۆزى بىلەن ئەيش-ئىشرەت قىلىشقا دەۋەت قىپتۇ. نىيىتى بۇزۇلغان ياش خانىش ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالماي، يىگىتكە ئېسىلىپ، مەستخۇش ھالەتتە ئۇنى سۆيۈشكە باشلاپتۇ. نومۇسسىزلارچە بولۇۋاتقان بۇ ئىشتىن ۋىجدانى ئۆرتەنگەن يىگىت دەرغەزەپكە كېلىپ خانىشنى دۇمبالاپ، باش-كۆزىنى يېرىۋېتىپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان خانىش كەچتە پادىشاھ شىكاردىن قايتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ داد-پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاپ شاكىرەت ئۈستىدىن شىكايەت قىپتۇ. ئۇ:

— ئوغلىڭىز شاكىرەت تەنتەكلىك قىلىپ، سىزنىڭ شىكارغا چىقىپ كەتكەن ۋاقتىڭىزدىن پايدىلىنىپ، مېنى ئۆزى بىلەن ئەيش-ئىشرەت قىلىشقا زورلىدى. مەن ئۇنىمىدىم. قارشىلىق كۆرسەتسەم ئۇرۇپ باش-كۆزۈمنى يېرىۋەتتى، — دەپ ئەسلىدىكى ئىشنى ئەكسىگە ئۆرۈپلا چۈشەندۈرۈپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ غەزەپكە كەپتۇ. ئۇ كىچىك خوتۇنىنى ياخشى كۆرگەچكە، نېرى-بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، نەۋكەر بېشىنى چاقىرىپ:

— مېنىڭ ھېلىقى بەدبەخت ئوغلۇم شاكىرەتنى كۆزۈم كۆرمىسۇن. ئۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن! سىلەر ئۇنى چۆل-باياۋانغا يالاپ ئاپىرىپ بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈڭلار، ئەمما ئۇنىڭ قانغا مىلەنگەن كىيىم-كېچىكىنى ماڭا كۆرسىتىشكىلار ئېرەك! — دەپ پەرمان قىپتۇ.

ئىككى نەۋكەر شاكىرەتنىڭ قولىنى باغلاپ، بېشىغا تاغار كىيگۈزۈپ، چۆل-باياۋانغا يالاپ ئاپىرىپتۇ. ئۇلار شاكىرەتنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ھېچقايسىسىنىڭ ئۆلتۈرۈشكە قولى بارماپتۇ. ئاخىرى ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ بىر توشقاننى ئوۋلاپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قېنىغا شاكىرەتنىڭ كىيىملىرىنى مىلەپتۇ. شاكىرەتنى بولسا، يىراق جايلارغا كېتىپ ئۆز جېنىنى جان ئېتىشنى ئېيتىپ، قويۇپ بېرىپتۇ. نەۋكەرلەر ھېلىقى توشقان قېنىغا مىلەنگەن كىيىملەرنى كۆتۈرۈشۈپ، پادىشاھقا ئاپىرىپ كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ شاكىرەتنىڭ قانغا مىلەنگەن كىيىملىرىنى كۆرۈپ پەرمانىنىڭ بەجا كەلتۈرۈلگەنلىكىدىن خاتىرجەم بوپتۇ. خانىشمۇ ئۆز ھىيلىسىنىڭ جانىمىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، پادىشاھنىڭ ياخشى كۆرىدىغان خوتۇنى بولۇپ قېلىۋېرىپتۇ.

ئەمدى گەپنى چۆل-جەزىرىدە يالغۇز قالغان شاكىرەتتىن ئاڭلايلى.

شاكىرەت كۈتۈلمىگەن يەردىن تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولغانلىقىنى ئويلىغان بولسىمۇ، ھەرقانچە قىلسىمۇ دادىسىنىڭ قارارىنى بۇزالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، نەۋكەرلەرنىڭ ئۆزىگە قىلغان راپاۋىتىگە شۈكۈر ئېيتىپ، بېشى قايغان، يۈنى تايغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ يايانسىز جەزىرىدە بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپتۇ. يۈرگەنسىرى مول يۈرۈپتۇ. ئاخىرى ئۇ بىر قۇمۇشلۇققا دۇچ كېلىپ، ئۇنى يېرىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. بۇ ئورۇن دەل ئۇنىڭ ئاكىسى شاكىرنىڭ قاراۋۇلگاھى دائىرىسىدىكى يەر بولۇپ، قاراۋۇلدا تۇرغان لەشكەرلەر جاڭگاللىقتا بىر نەرسىنىڭ قارىسىنى كۆرگەنلىكىنى لەشكەر بېشى شاكىرغا مەلۇم قىپتۇ. شاكىر ئۇنى بىر ياۋايى ھايۋان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، ئوقياسىنى ئېلىپ قارىغا ئاپتۇ. ئۇ ئۇزۇندىن-ئۇزۇن قارىغا ئالغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇنى ئاتقىسى كەلمەپتۇ ۋە لەشكەرلىرىگە قاراپ:

— سىلەر تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئاشۇ نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كېلەي، — دەپتۇ-دە، ئېتىغا مىنىپ چاتقاللىققا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ھېلىقى قارا كۆرۈنگەن نەرسىنىڭ ئۆز ئىنىسى شاكىرەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قاپتۇ. ئۇ ئىنىسى شاكىرەتنى ياخشى كۆرگەچكە ھەم ئۇنى سېغىنىپ يۈرگەچكە ئۇنىڭ ھازىرقى غېرىبانە قىياپىتىگە قاراپ قەلبى سەكپارە بوپتۇ. شاكىر دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ شاكىرەتنى باغرىغا بېسىپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ چۆللۈكتە سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

شاكىرەت بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسنى ئەينى بويىچە بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاكىر دادىسىنىڭ قىلمىشىغا قاتتىق نارازى بوپتۇ. ئۇمۇ ئۆز دۆلىتىدە باش كۆتۈرۈپ يۈرۈشنى خالىماي ئىنىسى بىلەن بىرگە ئۆز ئېلىنى تاشلاپ، باشقا يۇرتلارغا كېتىشكە قارار قىپتۇ. ئۇ شاكىرەتنى جايىدا قالدۇرۇپ ئۆزى ئېتىغا مىنىپتۇ-دە، قاراۋۇلگاھىغا بېرىپ كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك ئېلىپ، ئىنىسىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئاندىن ئاكا-ئۇكا شاھزادىلەر ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار بىرقانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بىر سۇنىڭ بويىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، يۇقىرىدىن كېلىۋاتقان بىر ئېرىق سۇ ئۈچكە بۆلۈنۈپ ئېقىۋاتقۇدەك. بۆلۈنۈپ ئاققان كىچىك ئېرىقلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ باش تەرىپىگە ئايرىم خەت پۈتۈلگەن ئۈچ بەلگە تاش تۇرغۇدەك. خەتنى ئوقۇپ كۆرسە، بىرىنچى ئېرىقنىڭ بېشىغا ئورنىتىلغان بەلگە تاشقا «بۇ ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن ئادەم ئۆز يولىنى تېپىپ ماڭىدۇ»، ئىككىنچى ئېرىقنىڭ بېشىغا ئورنىتىلغان بەلگە تاشقا «بۇ ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن ئادەم يولدىن ئازىدۇ»، ئۈچىنچى ئېرىقنىڭ بېشىدىكى بەلگە تاشقا «بۇ ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن ئادەم ئۆلىدۇ» دەپ يېزىلغان ئىكەن.

بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ سۇغا تەشنا بولغان شاھزادىلەر ئېرىقتىكى سۇدىن ئىچىپ، بىردەم ئارام ئالماقچى بولۇشۇپتۇ. شاكىر ئىنىسىغا:

— بىرىنچى ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچسەك، سەپىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق داۋاملاشتۇرالايدىكەنمىز، — دەپتۇ. لېكىن شاكىرەت بولسا ئاكىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلماپتۇ. ئۇ:

— بۇ تاشلاردىكى خەتلەر پۈتۈلەي يالغان، بىر ئېرىقتىكى سۇ بۇ يەرگە كەلگەندە ئۈچكە بۆلۈنۈپ ئېقىپتۇ. مۇشۇنىڭغىمۇ ئادەم ئۆلەمدۇ. مەن مۇشۇ «ئادەم ئۆلىدۇ» دېگەن ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ باقاي، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شاكىر بىرىنچى ئېرىقنىڭ سۈيىدىن ئىچىپتۇ. شاكىرەت دېگىنىدىن يانماي، ئۈچىنچى ئېرىقنىڭ سۈيىدىن ئىچىپتۇ. ئاندىن ئۇلار ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن شاكىر ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ قارىسا ئىنىسى

شاكىرەت ئۆلۈپ باتقانىمىش، ئۇ بۇ كېلىشمەسلىكتىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ، قېرىندىشى ئۈچۈن بىر كېچە-كۈندۈز يىغلاپ قاقشاپتۇ. قۇرۇق يىغىدىن ھېچنېمە ھاسىل بولمىغاندىن كېيىن، ئىنىسىنى دەپىن قىلىپ، سەپىرىنى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ، لېكىن قولىدا يەرلىك كولىغۇدەك بىرەر قورال بولمىغانلىقتىن، جەسەتنى كۆمۈشكە چارىسىز قاپتۇ. ئاخىرى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئىنىسىنىڭ بېشىنى بىر تاشقا قويۇپ، تاشنىڭ ئۈستىگە بىر تىللانى قويۇپ، سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

شاكىر ھېرىپ-ئېچىپ، بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ ۋە بىر سارايغا چۈشۈپ ئارام ئاپتۇ. ئۇ ئىنىسىنى بەكمۇ سېغىنىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بازارغا چىقىپ بىر كۈن كەچكىچە كوچا ئايلىنىپ، بىرمۇ بالا ئۇچرىتالمايتۇ. بۇ غەلىتە ئىشنى چوڭلاردىن سورىسا ئۇلار:

— بۇ شەھەرنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى تاغنىڭ غارىدا بىر ئەجدىھا بار. ئۇ ھەر كۈنى بىر قوي بىلەن بىر كىچىك بالا يەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى ئورۇنلىمىسا ئۇ پۈتۈن شەھەرنى ۋەيران قىلىدۇ. شۇڭا پادىشاھىمىز ئەجدىھانىڭ ئوزۇقى ئۈچۈن ھەر كۈنى بىر قوي، بىر بالا يوللاپ بېرىدۇ. بۇ ئىش ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەچكە، شەھىرىمىزدە بالا كەملەپ كەتتى، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاكىر:

— ئەگەر مەن ئەجدىھا بىلەن جەڭ قىلىپ، كۈندە بىر بالا، بىر قوي يېيىشنى يىلىغا بىر بالا، بىر قوي يېيىشكە ماقۇل كەلتۈرسەم، پادىشاھىمىز نېمە دەر ئىدى؟ — دەپتۇ. شاكىرنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان مويسىپىتلار خۇشال بولۇشۇپ:

— ئەگەر سەن ئەجدىھانى يېڭىپ، كۈنىگە بىر بالا، بىر قوي يېيىشنى يىلىغا بىر بالا، بىر قوي يېيىشكە ماقۇل قىلالىساڭ، پادىشاھىمىز ئەلۋەتتە سېنىڭ ھەرقانداق تەلىپىڭگە قوشۇلاتتى. ھەتتا پۈتۈن شەھەر ئەھلى سېنى پادىشاھ قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇشقا قادىر ئىدۇق، — دېيىشىپتۇ.

بۇ سۆزلەردىن كېيىن شاكىر ئۇدۇل ئوردىغا بېرىپ، شاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، مۇددىئاسىنى بايان قىپتۇ. جاسارەتلىك بۇ يىگىتنىڭ قەيسەر ئىرادىسىگە قايىل بولغان پادىشاھ:

— ئەگەر سەن ئەجدىھانى يىلىغا بىر بالا، بىر قوي يېيىشكە ماقۇل كەلتۈرەلىسەڭ، ئۇ ۋاقىتتا پادىشاھلىق تەختكە سېنىڭ ئولتۇرۇشۇڭ مۇناسىپتۇر. مەن قىلغان ۋەدەمدە تۇرىمەن، — دەپتۇ.

شاكىر پادىشاھ بىلەن شەرتلىشىپ ئەجدىھانىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئەجدىھا ئۆزىلا كەلگەن بۇ ئوزۇقتىن ھەيران بولۇپ، شۇ كۈنى كېچىسى كۆرگەن چۈشى ئېسىگە كەپتۇ. ئۇ چۈشىدە «شاكىرەت» ئىسىملىك بىرسى بىلەن جەڭ قىلىپ، يېڭىلىپ ئۆلگەن ئىكەن. شۇڭا ئۇ ئالدىغا كەلگۈچىنى ئەنە شۇ شاكىرەت بولۇپ يۈرمىسۇن دەپ ئويلاپ:

— ھەي يىگىت، سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟ بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاكىر بولسا:

— مېنىڭ ئىسمىم شاكىر، سېنىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ سېنى ئۆلتۈرگىلى كەلدىم ياكى شەرتىمگە كۆندۈرگىلى كەلدىم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ مەردانە جاۋابنى ئاڭلىغان ئەجدىھا «بەلكىم چۈشۈمدىكى مېنى ئۆلتۈرگەن يىگىت مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ قورقۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە يىگىتنىڭ شەرتىنى ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ھەمدە يىگىتنىڭ شەرتى بويىچە يىلىغا بىر بالا، بىر قوي يېيىشكە ماقۇل بولۇپتۇ.

شاكىر ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، ئەجدىھا بىلەن بولغان كېلىشىمنى پادىشاھقا بايان قىپتۇ.

پادىشاھ ئەجدىھاغا ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى ھەقىقىي بىلگەندىن كېيىن قىلغان ۋەدىسى بويىچە پادىشاھلىق تەختىنى شاكىرغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن شاكىر پادىشاھ بولۇپ يۇرت سوراشقا باشلاپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھزادە شاكىرەتتىن ئاڭلايلى:

بىر كۈنى شاكىرەتنىڭ جەسىتى قالغان سۇ بويىدىن بىر جۈپ ياشانغان ئەر-خوتۇن ئۆتۈپتۇ. ئۇلار ئۆمۈر بويى پەرزەنت كۆرمىگەن ئىكەن. شۇڭا تاپقان-تەرگىنىنى يىغىپ ئاللا يولىدا ھەج قىلىپ كېلىش ئۈچۈن مەككىگە ماڭغانلار ئىكەن. ئۇلار جامالىدىن نۇر يېغىپ، ۋۇجۇدىدىن پاكلىق تېمىپ ياتقان بالىغا قاراپ يىغلىشىپتۇ، ئاندىن ھەر ئىككىلىسى نامازغا تۇرۇپ، دۇئاسىدا: «ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم! بىزگە كۆپ بايلىق ئاتا قىلدىڭ. بۇنىڭغا مىڭ قەتلى شۈكرى. ئەمدى مۇشۇ ئۆلۈپ ياتقان مۇساپىر بالىغا قايتىدىن جان ئاتا قىلغان بولساڭ، خۇددى ئۆزىمىز پەرزەنت كۆرگەندەك كۆڭلىمىز يايراپ، بۇ ئالەمدىن خاتىرجەم ئۆتكەن بولاتتۇق. تىلىكىمىزنى ئىجابەت قىلغايسەن!» دەپ خۇداغا نالە قىلىپتۇ. بۇ بىر جۈپ ئاق كۆڭۈل ئىنساننىڭ خالىسانە دۇئاسىدىن كېيىن، شاكىرەتكە جان كىرىپ، ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي تىلىكىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقى ئۈچۈن شادلىققا چۆمۈپتۇ ۋە يىگىتكە ئاق يول تىلەپ ئۆز يوللىرىغا راۋان بوپتۇ.

شاكىرەت ئاكىسىنىڭ سۆزىگە كىرمەي قىلىپ قويغان ئىشىغا خىجىل بوپتۇ. ئاندىن ئاكىسىنى جەزمەن ئىزدەپ تېپىش نىيىتىدە سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر كۈنى كېچە قاراڭغۇسىدا بىر شەھەرگە كىرىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ھەممە ئۆيلەرنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ، شەھەر خەلقى ئۇيقۇغا كەتكەن ئىكەن. ئۇ كوچىدا كېتىپ بېرىپ، پەقەت بىرلا ئۆينىڭ چىرىغى يېنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە بۇ ئۆيدە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ، دېرىزىدىن قارىسا، بىر جۈپ ياشانغان ئەر-خوتۇن ھەسرەتلىك نالە قىلىپ، بىر كىچىك بالىنى نۆۋەت بىلەن سۆيۈۋاتقۇدەك. بۇ ئىش خېلى ئۇزۇن ۋاقىت داۋام قىپتۇ، ھەتتا تاڭ ئاتاي دەپ قاپتۇ. شاكىرەت بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىش نىيىتىدە ئاخىرى ئۆيگە كىرىپ، ئۇلاردىن بالىنى يىغلاپ تۇرۇپ نۆۋەت بىلەن سۆيۈشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ بوۋاي ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ، — سەن بۇ شەھەرلىك ئەمەس ئوخشايسەن. شەھىرىمىزنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى تاغنىڭ غارىدا بىر ئەجدىھا بار. ئۇ بۇرۇن ھەر كۈنى بىر بالا، بىر قوي يەيتتى. مېنىڭ يەتتە بالامنىڭ ئالتىسىنى ئۇ يەپ كەتتى. بۈلتۈر بىر يىگىت كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ، يېڭىپ، بىر يىلدا بىر بالا، بىر قوي يېيىشكە كۆندۈرگەن ئىدى. شەھەردە كىچىك بالا قالمىغانلىقتىن بۇ يىلقى بىر بالا، بىر قوي ئاپىرىپ بېرىش نۆۋىتى يەنە ماڭا كېلىپ قاپتۇ. بۇ پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى، ئاپىرىپ بەرمەي ئىلاجىمىز يوق، — دەپتۇ.

شاكىرەت بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ:

— بولدى، يىغلىماڭلار. ئەتە ئەجدىھانىڭ ئالدىغا ئۆزۈم باراي، — دەپتۇ ۋە ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن قوينى يېتىلەپ، ئەجدىھا ياتقان غار ئاغزىغا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ھېمىشەم يېنىدىن ئاجراتماي ئېسىپ يۈرىدىغان بىر قىلىچى بار ئىكەن. ئۇ قىلىچنى غىلىپىغا سالسا بىر غېرىچ، غىلاپىدىن چىقارسا قىرىق غېرىچ بولىدىكەن. ئۇ ئەنە شۇ قىلىچنى چىقىرىپ، غارنىڭ ئاغزىدا يەرگە تىرەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئەجدىھا ئۇنى يېيىش ئۈچۈن دەم تارتىپ شۇمۇرگەندە، ئۇ قىمىرمۇ قىلماپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاشلار ئۇچۇپ-دومىلاپ ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئەجدىھا غەزەپكە كېلىپ، تېخىمۇ

قاتتىق سۇمۇرگەن ئىكەن، شاكىرەت قىلىچىنى توغرىسىغا تۇتقىنىچە، ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن كىرىپ كەينىدىن چىقىپتۇ، ئەجدىھا ئىككى پارچە بولۇپ ئۆلۈپتۇ. شاكىرەت بولسا ئۇنىڭ سېسىق ھىدىدىن زەھەرلىنىپ ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قاپتۇ.

پادىشاھ شاكىر شۇ كۈنكى ئەجدىھا ئوزۇقىنىڭ يەتكۈزۈلگەن-يەتكۈزۈلمىگەنلىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى نەپەر نەۋكىرىنى ئەجدىھا غارىغا ئەۋەتىپتۇ. نەۋكەرلەر غارغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر ناتونۇش يىگىت ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى ھوشسىز ياتقىدەك. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن نەۋكەرلەرنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپ، «ئەجدىھانى بىز ئۆلتۈرۈپ كەلدۇق» دېگەننىڭ نىشانى قىلىپ، ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن بىر تاسما تىلىۋېلىپ، ئۇنى پادىشاھقا كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىگە ئىنئام بېرىشنى كۈتۈپتۇ.

ئۇزۇن يىللار مابەينىدە پۇقرالار ئۈچۈن بالايى-ئاپەت بولۇپ كېلىۋاتقان ئەجدىھانىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان پادىشاھ جارچىلار ئارقىلىق داقا-دۇمباق چالغۇزۇپ پۈتۈن شەھەر خەلقىگە خۇش-خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. ئاندىن ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى ئىككى نەپەر نەۋكەرنىڭ كۆرسەتكەن باتۇرلۇقىنىڭ بەدىلىگە ئۇلارغا ئالاھىدە ھوقۇق بېرىپ «ئۇلار نېمە ئىش قىلمەن دېسە ئەركىنلىكى ئۆزىدە بولسۇن، ئۇلار بىلەن قارشىلاشقۇچىلار كۆرۈلسە كاللىسى ئېلىنسۇن» دېگەن پەرمانىنى جاكارلاپتۇ.

ئەجدىھانىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان خەلق خۇشاللىقىدىن نەچچە كېچە-كۈندۈز تويۇن-تاماشا ئۆتكۈزۈپتۇ. ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشكەن ھېلىقى ئىككى نەپەر نەۋكەر بولسا، ھىيلە-مىكىر بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ئامەتنىڭ مېغىزىنى چېقىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىر كۈنى بۇلاپ-تالاش، يەپ-ئىچىش، ئەيش-ئىشرەت قىلىش بىلەن ئۆتۈپتۇ.

ئۇلارنىڭ كۈنى شۇنداق ئۆتۈپ تۇرسۇن. بىز شاھزادە شاكىرەتنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئاڭلاپ باقايلى:

ئەجدىھاغا يەم بولۇش نۆۋىتى بالىسىغا كەلگەن ھېلىقى بوۋاي بىلەن موماي ئەجدىھانىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئەجدىھانىڭ ئوزۇقى ئۈچۈن ئەتىگەندە ھېلىقى يىگىتكە يېتىلىنىپ قويغان قوي قايتىپ كېلىپ، دەرۋازىدىن كىرىپ كەپتۇ. قوينىڭ قايتىپ كېلىشى باشقىلارنى قوتۇلدۇرۇش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ جېنىنى قۇربان قىلىشقا ئاتىغان ئەتىگەنكى قەيسەر يىگىتنى، ئۇلارنىڭ ئېسىگە سېلىپ، كۆڭلىنى يېرىم قىپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي يىگىتنى ئەجدىھاغا يەم بولۇپ كەتتى دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر قىلماقچى بولۇپ، نەزىرنى ئەجدىھا غارىنىڭ ئاغزىدا ئۆتكۈزمەكچى بولۇشۇپتۇ ۋە ھېلىقى قايتىپ كەلگەن قوينى غار ئاغزىغا ئاپىرىپ سويۇپ، تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن جامائەتكە خەۋەر قىلماقچى بوپتۇ. ئۇلار غار ئاغزىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا غارنىڭ ئاغزىدا بىر ئادەم ياتقۇدەك. سىنچىلاپ قاراپ ھېلىقى قەيسەر يىگىت ئىكەنلىكىنى تونۇۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى، نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، بوۋاي يىگىتنى ئۆشنىسىگە ئېلىپ ئۆيگە قايتىپتۇ. شاكىرەت ئۆيگە كېلىپ، بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كەپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانە بوپتۇ. بوۋاي دەرھال بىر قوي سويۇپ شاكىرەتنى تېرىسىگە ئېلىپ ياخشى تائاملاندۇرۇپتۇ. شاكىرەتنىڭ سالامەتلىكى كۆپ ئۆتمەي ئەسلىگە كەپتۇ. شاكىرەت بوۋاي بىلەن مومايغا بالا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بوپتۇ.

بوۋاينىڭ تاغار توقۇيدىغان ھۈنىرى بار ئىكەن. كۈندە بىر تاغار توقۇپ، ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىنى تاغار ساتقان پۇل بىلەن قامداپ ئۆتىدىكەن.

شاكىرەت ئۇلارغا بالا بولغان كۈندىن ئېتىبارەن بوۋاي ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، تاغار توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. شاكىرەت توقۇلغان تاغارلارنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بازاردا تاغار سېتىپ يۈرسە، ھېلىقى ئىككى نەپەر نەۋكەر ئۇنى كۆرۈپ تونۇپ قاپتۇ ۋە ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ «بۇ تېخى ھايات ئىكەن، ئەگەر ئۇ ئەجدىھا ۋەقەسىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى پادىشاھقا ئېيتىپ بەرسە، بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز شۇ. شۇڭا ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك» دېيىشىپ، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ ۋە ئۇنىڭ تاغارچى بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار شاكىرەتنىڭ كەينىدىن كىرىپ، بوۋايغا قەستەن تەھدىت سېلىپ:

— پادىشاھقا تاغار لازىم بولۇپ قالدى، ئەتىگىچە قىرىق تاغار تەييارلاپ بىزگە تاپشۇرۇشۇڭ لازىم! — دەپتۇ. بوۋاي:

— مەن ئۇنچىلىك كۆپ تاغار توقۇيالمايمەن. كۈنىگە ئاران بىر تاغار توقۇيالايمەن، — دەپتۇ. لېكىن ئۇلار بوۋاينى ئۇرغىلى يۈگۈرۈشۈپتۇ. بۇ ۋاقىتتا شاكىرەت بۇ ئىككى ئەبلەخنى راسا دۇمبالاپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئىككى ھېلىگەر نەۋكەر يېگەنتىن ئەددىنى يەپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، پادىشاھقا بېرىپ چېقىپتۇ. پادىشاھ بۇرۇنقى چىقارغان ھۆكۈمىگە ئاساسەن بۇ ئىككى نەۋكەرگە قارشى چىققۇچىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. ھېلىقى ئىككى نەۋكەر يەنە باشقا نۇرغۇن نەۋكەرلەرنى باشلاپ كېلىپ، شاكىرەتنىڭ قول-پۇتىنى باغلاپ، دار مەيدانىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلار شاكىرەتنى دارغا ئاسماقچى بولۇۋاتقاندا، بىرنەچچە كارۋان يېتىپ كېلىپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان بۇ جىنايەتچىنى سېتىۋالماقچى بوپتۇ. نەۋكەرلەر:

— بۇ مەھبۇسنىڭ جىنايىتى ئېغىر، ئۆلتۈرۈلمىسە بولمايدۇ، شۇڭا سېتىپ بېرەلمەيدۇ، — دەپتۇ.

ئەسلىدە بۇ كارۋانلارنىڭ ئۆتەر يولىدا ئادەم قېيىنى ئاققۇزۇلمىسا سۈيى توختىمايدىغان، سۈيى توختىمىسا ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا بولغاچقا، ئۇلار ئەنە شۇنداق ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنى سېتىۋېلىپ بوغۇزلاپ، قېنىنى دەريا سۈيىگە تېمىتىپ ئۆتىدىكەن. شۇڭا ئۇلار دار ئالدىدىكى جىنايەتچىنى جەزمەن سېتىۋېلىشنىڭ كويىدا بولۇپ:

— بىزمۇ ئۇنى ئۆلتۈرىمىز، بىز ئۇنى قانخور دەريا بويىدا دەريا سۈيىنى توختىتىش ئۈچۈن ئۆلتۈرىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ بەدىلىگە سىلەرگە ئاۋۇ تۇرغان ئىككى تۆگىنى يۈكى بىلەن بېرىمىز. — دەپتۇ. ئىككى تۆگىنى يۈكى بىلەن كۆرگەن نەۋكەرلەرنىڭ كۆزى قىزىرىپ شاكىرەتنى كارۋان بېشىغا سېتىپ بېرىپتۇ.

كارۋانلار شاكىرەتنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار قانخور دەريا بويىغا كېلىپ، ئۇنى بوغۇزلاپ قېنىنى دەرياغا ئاققۇزماقچى بولۇشۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا شاكىرەت ئۇلاردىن:

— سىلەر مېنى نېمە قىلماقچى؟ — دەپ سوراپتۇ. كارۋانلار:

— نېمە قىلاتتۇق، بىز سېنى سېتىۋالدۇق. ھازىر بوغۇزلاپ، قېنىڭ بىلەن دەريا سۈيىنى توختىتىپ ئۇ تەرەپكە ئۆتمەكچىمىز، — دەپتۇ. شاكىرەت ئۇلارغا ئەقىل كۆرسىتىپ:

— سىلەر مېنى ئۆلتۈرمەڭلار، مەن ئۆزۈم قېنىمنى ئاققۇزۇپ، دەريا سۈيىنى توختىتىپ يول ئېچىپ بەرسەم بولمامدۇ؟ مەن سىلەر بىلەن بىللە يۈرۈپ، ھەر قېتىم ئۇيان-بۇيان ئۆتكەندە يول ئېچىپ بېرەي، — دەپتۇ-دە، پىچاق بىلەن چىمەلتەك قولىنى تىلىپ، قېنىنى دەرياغا ئاققۇزغان ئىكەن، دەريا قۇرۇقدىلىپ، يول ئېچىلىپتۇ. بۇ ئىشتىن خۇرسەن بولغان كارۋانلار ئۇنى ئۆلتۈرمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار نۇغۇن قېتىم دەريادىن ئۆتۈشۈپتۇ. ھەر قېتىمدا ئادەم سېتىۋالدىغان

يۈللىرى يېنىدا قاپتۇ. كارۋانلارنىڭ تىجارىتى يۈرۈشۈپ بېيىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن رازى بولغان كارۋان بېشى شاكىرەتكە بىر تۆگىنى يۈكى بىلەن بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا سودىگەرچىلىك قىلىشىغا رۇخسەت قىلىپتۇ. شاكىرەت يۈك ئارتىلغان تۆگىنى يېتىلەپ، سودا-سېتىق بازىرىغا بېرىپتۇ. بازار ئارىلاپ يۈرسە بىر ئادەم «ساندۇق ساتىمەن، ساندۇق. ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ساندۇق ساتىمەن» دەپ بىر يوغان ساندۇقنى كۆتۈرۈپ يۈرگىدەك. شاكىرەت كەچكىچە بازار ئارىلاپ سېتىۋالغۇدەك بىرەر نەرسە ئۇچرىتالماپتۇ. ئاخىرى ھېلىقى «ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان» ئاجايىپ ساندۇقنى سېتىۋالماقچى بوپتۇ. ئۇ، «ھاياتىمدا نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلدىم، كۆپ جاپالارنى تارتتىم. قېنى، بۇ ساندۇق قانچىلىك جاپاغا سالار، كۆرۈپ باقمايمەنمۇ» دەپتۇ-دە، تەۋەككۈل قىلىپ، تۆگىسىنى يۈكى بىلەن ساندۇققا تېگىشىپتۇ. ئۇ ساندۇقنى ئېچىپ كۆرمەيلا كارۋانلارنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ. بۇ سودىنى كۆرگەن كارۋانلار ساندۇقنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ:

— سەن سودا قىلىشنى بىلمەيدىغان ئەخمەق ئىكەنسەن. مۇشۇ ساندۇقنىمۇ يۈكلۈك تۆگىگە تېگىشكەن بارمۇ؟ بۇ ساندۇقنىڭ نېمە كارامىتى بار ئىكەن، ئېچىپ كۆرمەيمىزمۇ؟ — دېيىشىپ، ساندۇقنى ئاچقان ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە گۈزەل بىر ساھىبجامال قىز ياتقۇدەك. ئۇلار بۇ چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ، ھەركىم ئۆزىگە خوتۇن قىلىۋېلىشنى ئويلاپ، بىر ھازاغىچە جاڭجاللىشىپتۇ. ئاخىرى كېلىشەلمەي قىزنى پادىشاھقا تارتۇق قىلىپ، پادىشاھ بەرگەن ئىنئامنى بۆلۈشۈپ ئالماقچى بوپتۇ. كارۋانلار جاڭجاللىشىۋاتقان ۋاقىتتا قىز ساندۇقنىڭ يېنىدا تۇرغان شاكىرەتكە قاراپ:

— ئەي نەۋقىران يىگىت، بۇ ئىشقا ئانچە ھەيران بولمىغىن. پەقەت بېشىڭدىن ئۆتكەن ئىشلارنى قىسقىچە يېزىپ، دەرھال مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزغىن. ئەنە شۇندىلا مۇراد-مەقسىتىگە يېتەرسەن، — دەپتۇ. بۇ سۆزلەردىن كېيىن شاكىرەت بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى قىسقىچە يېزىپ خەتنى قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. كارۋانلار بولسا جېدەلدىن بېسىقىپ، كېلىشىم بويىچە قىزنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولۇشۇپتۇ. كارۋانلار مېڭىش ئالدىدا شاكىرەتنىڭ كەلگۈسىدە چاتاق سېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى يەنە بىر ساندۇققا سېپتۇ-دە، دەرياغا تاشلىۋېتىپ، ئۆزلىرى قىزنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپتۇ.

پادىشاھ شاكىر كارۋانلار ئېلىپ كەلگەن قىزنى بىر كۆرۈپلا مەپتۇن بوپتۇ. ئۇ قىزنىڭ ھۆسن-جامالىغا قارىغانسېرى ئەقلى-ھوشىنى يوقىتىپ قويايى دەپتۇ. كارۋانلارنىڭ بۇ بىباھا تارتۇقىدىن مەمنۇن بولغان پادىشاھ ئۇلارغا رازى بولغۇدەك مال-دۇنيا بېرىپ يولغا سېپتۇ. كارۋانلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قىز شاكىرەتنىڭ يازغان خېتىنى شاھقا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ شاكىر خەتكە باشتىن-ئاياغ كۆز يۈگۈرتۈپ بولغاندىن كېيىن ئىنىسى شاكىرەتنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قاپتۇ. ئۇ قىزدىن ئىنىسىنىڭ كارۋانلار تەرىپىدىن ساندۇققا سېلىنىپ دەرياغا تاشلانغانلىقىنى بىلىپ، كارۋانلارنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىپتۇ. ئاندىن ئادەم ئەۋەتىپ، دەريانى ئىزدىتىپتۇ. ئۆز دۆلىتى تەۋەلىكىدىكى دەريا ئېقىنىدىن تېپىلمىغاندىن كېيىن، دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قوشنا خانلىقلارغا مەكتۇپ يوللاپ، ئىنىسى شاكىرەتنى تۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم قىلىش ھەققىدە مۇراجىئەت قىپتۇ. ساندۇق ئىچىدىن چىققان ساھىبجامال قىزنى بولسا، ئىنىسى شاكىرەتكە تەئەللۇق دەپ قاراپ، مەخسۇس بېزەلگەن ھوجىرىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىرقانچە كېنىزەكلەرنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە قويۇپتۇ.

ساندۇق ئىچىدىن چىققان ساھىبجامال پادىشاھ ئوردىسىدا ئارام ئېلىپ تۇرسۇن. بىز

ئەمدى دەرياغا تاشلانغان شاھزادە شاكىرەتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالايلى.

شاكىرەت ساندۇق ئىچىدە يېتىپ، قانخور دەريانىڭ قايناملىرىدا ئۈچ ئاي ئېقىپتۇ. ئاقىۋەت ئۇ دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان دەريا ئېقىنىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى خاندانلىق تەۋەلىكىگە كەلگەندە، قولۋاق بىلەن دەريا سەيلىسى قىلىپ يۈرگەن شۇ شەھەردىكى شاھ مەلىكىلىرىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپتۇ. ھەدە-سىڭىل ئۈچ مەلىكە دەريادىكى ئولجىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ھەرقايسىسى ئۆز قولۋاقلىرى بىلەن ساندۇقنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. لېكىن ساندۇق چوڭ ۋە ئوتتۇرانچى مەلىكىلەرنىڭ قولۋىقىدىن يىراق قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ساندۇقنى تۇتۇشقا ئامالسىز قاپتۇ. كەنجى مەلىكە بارغان ئىكەن، ساندۇق ئۆزلىكىدىن قولۋاققا يېقىنلاپ كەپتۇ. كەنجى مەلىكە ئۇنى كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە تارتىپ قىرغاققا چىقىرىپتۇ. مەلىكىلەر ساندۇقنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىغا قىزىقىپ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ساندۇقنىڭ ئىچىدە چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، ئەلپازىدىن مەردلىك، مەردانىلىق چىقىپ تۇرغان كېلىشكەن بىر يىگىت ئۇخلاپ ياتقۇدەك. قىزلار ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ چېچىپ ئويغىتىۋېتىپتۇ. شاكىرەت قانداق بىر ماكانغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قاپتۇ. قىزلار بولسا يىگىتنى تالىشىپ جەڭگى-جېدەل قىلىشىپتۇ. بۇ خەۋەر ياشىنىپ قالغان پادىشاھقا يېتىپتۇ. پادىشاھ مەلىكىلىرىنىڭ جېدىلىنى بېسىقتۇرۇپ، يىگىتنى كەنجى قىزىغا تەئەللۇق دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. ئاندىن قىرىق كېچە-كۈندۈز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ، شاھزادە شاكىرەتكە كەنجى قىزنى بېرىپتۇ. تويدىن كېيىن پادىشاھ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن شاھلىق تەختىنى كۈيئوغلى شاكىرەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى پۈتۈن مەملىكەتكە جاكارلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ شاھزادە شاكىرەت پادىشاھ بولۇپ يۇرت سوراشقا باشلاپتۇ.

پادىشاھ شاكىرەت شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان بىرىنچى كۈنى ئاكىسى شاكىر شاھنىڭ تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. شاكىرەت خانىشنى ئېلىپ ئاكىسىنىڭ يېنىغا بېرىشقا قارار قىپتۇ ھەم نۇرغۇن سوۋغا-سالاملار ئېلىپ، تاغ-دەريالارنى ئېشىپ، توپتوغرا ئۈچ ئاي بولدى دېگەندە ئاكىسىنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئاكا-ئۇكا شاھزادىلەر قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. پادىشاھ شاكىر ئىنىسى شاكىرەت بىلەن ئامان-ئېسەن كۆرۈشكەنلىكىگە خۇشال بولۇپ پۈتۈن شەھەر خەلقىگە يەتتە كېچە-كۈندۈز بەزمە قىلىپ بېرىپتۇ. ئاندىن يەنە قىرىق كېچە-كۈندۈز توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ساندۇقنىڭ ئىچىدىن چىققان ساھىبجامالنى ئىنىسىغا كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىپ بېرىپتۇ. توي-تۆكۈن ئىشلىرى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، خوتۇنلىرىنى ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتىغا بېرىپ، دادىسىنى يوقلاپ كېلىشمەكچى بوپتۇ.

ئۇلار قىرىق تۆگىگە سوۋغا-سالام ئارتىپ، مۇلازىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا يۇرتىغا قاراپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار نۇرغۇن يول يۈرۈپ، چۆل-جەزىرىلەرنى بېسىپ ئاخىرى بىر كۈنى ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. خالايىقتىن ئۇقۇشسا دادىسى سۈيىقەستكە ئۇچراپ، تەختتىن ئايرىلىپ، ئىككى كۆزى ئويۇلۇپ، غۇربەتچىلىكتە قالغان ئىكەن. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار شەھەرگە سودىگەرلەر قىياپىتىدە كىرىپ كاتتا بىر سارايغا چۈشۈپ جايلىشىپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ شاكىر بىلەن شاكىرەت خوتۇنلىرى بىلەن سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇلار شەھەر مەركىزىدىكى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كۆۋرۈك سالاسۇنىدا ھېكمەت ئوقۇپ، تىلەمچىلىك قىلىپ ئولتۇرغان بىر قېرى ئادەمگە يولۇقۇپتۇ. تىلەمچىنىڭ ئىككى كۆزى قارىغۇ بولۇپ، كىيىم-كېچەكلىرى تولىمۇ ناچار ئىكەن. ئۇلار سىنچىلاپ قاراپ بۇ تىلەمچىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ

دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ. ئاندىن ئۇلار بىر چوڭ ئاشپۇزۇلغا كىرىپ، بەش كىشىلىك تاماق بۇيرۇتۇپتۇ. ئاشپۇزۇل ئىگىسى ئارقىلىق كۆزۈرۈك ئۈستىدە تىلەمچىلىك قىلىپ ئولتۇرغان قارىغۇ ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ، تەييارلانغان غىزانى بىرلىكتە يېيىشىپتۇ. ئاندىن تىلەمچىنى سارايغا باشلاپ ئاپىرىپ، ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىشىنى ئەۋسىيە قىپتۇ.

تىلەمچى بوۋاي بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ ئىككى كۆزۈم ساق ئىدى. مەن ئەسلىدە مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئىدىم. دەۋران سۈردۈم، كۆپ خوتۇنلۇق بولدۇم. خوتۇنلىرىمنىڭ ئەڭ كىچىكى بۇزۇق چىقتى. ئاستا-ئاستا مەن ئۇنىڭ ھىيلە-مىكىر قىلتاقلىرىغا چۈشكىلى تۇردۇم. ئويلاپ كۆرسەم ئەنە شۇ خوتۇننىڭ كاساپىتىدىن ئەقىل-پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن، باتۇرلۇقتا تەڭدىشى يوق شاكىر، شاكىرەت ئىسىملىك ئىككى ئوغلۇمدىن ئايرىلىپتىمەن. كېيىن ئۇ خوتۇن مېنى قېرى كۆرۈپ ئاشنا ئويناشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ چارىسىنى قىلغۇچە ئۇ نىجىس خوتۇن ئاشنىسىنى ئىشقا سېلىپ ئىككى كۆزۈمنى نابۇت قىلدى ۋە مېنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقاردى. خانلىق تەختىنى ئەنە شۇ بۇزۇق خوتۇن ئىگىلىدى. مەن شۇنىڭدىن ئىبارەت شاھانە تەختىمدىن ئايرىلىپ، تىلەمچىلىك قىلىپ جان بېقىپ،

سەرگەردان تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتىمەن.

دادىسىنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق كۈنگە قالغانلىقىغا قاراپ، ئاكا-ئۇكا شاھزادىلەر ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە دادىسىغا تونۇشلۇق بېرىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئاندىن ئاكا-ئۇكا شاھزادىلەر ئوردىغا كىرىپ، بۇزۇق خوتۇن بىلەن ئۇنىڭ ئاشنىسىنىڭ قول-پۇتىنى باغلاپ، پۈتۈن ئوردا ئەركانلىرىنى يىغىپ، سۇيىقەستچى بۇزۇق خوتۇننىڭ قىلمىشلىرىنى بىر-بىرلەپ پاش قىپتۇ ۋە ئوردا جامائىتىگە ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. شۇئان ھۆكۈم ئېلان قىلىپ، ئىككى رەزىل سۇيىقەستچىنى ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

ئۆز شاھى ۋە شاھزادىلىرىنىڭ قايتىدىن كېلىشى بىلەن ئوردا ئىچى خۇشال-خۇراملىققا چۆمۈپتۇ. ئاكا-ئۇكا شاھزادىلەر ئالدى بىلەن ئاتاقلىق تېۋىپلارنى تەكلىپ قىلىپ، دادىسىنىڭ كۆزىنى داۋالىتىپ ساقايتىپتۇ. بۇ ئىشلاردىن تەسىرلەنگەن ياشانغان پادىشاھ ئاللاتائالادىن ئوغۇللىرىغا يۇتمەس-تۈگىمەس كۈچ-قۇدرەت، بەخت-سائادەت تىلەپتۇ. ئاندىن دۆلەت باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئوردا ئىچىنى رەتكە سېپتۇ. مۇستەھكەم ھاكىمىيەت تۈزۈمى ئورنىتىپتۇ. شۇندىن كېيىنلا شاھزادىلەر خاتىرجەم بولۇپ، ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ ئۆز خاندانلىقلىرىغا قايتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئاتا-بالا ئۈچ پادىشاھ ئۈچ چوڭ دۆلەتنى ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئادىل باشقۇرۇپتۇ.

## سادىق باغۋەننىڭ قىزى

بۇرۇنقى زاماندا بىر باي سودىگەرنىڭ ئۈچ ئوغلى بوپتۇ. ئوغۇللار بوي تارتىشىپ، كەينى-كەينىدىن چوڭ بوپتۇ. بىر كۈنى سودىگەر «كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ئاتلىق بورچۇمنى ئادا قىلىۋېتەي» دېگەن نىيەتكە كېلىپ، ئۈچ ئوغلىنى كەينى-كەينىدىن ئۆيلەپ قويماقچى بوپتۇ ۋە چوڭ ئوغلىنى چاقىرىپ:

— مەن سېنى ئۆيلەپ قويماقچىمەن، كىمنىڭ قىزىنى ئالىسەن؟ .. دەپ سوراپتۇ.

چوڭ ئوغۇل ھېچقانداق ئويلانماستىنلا:

— سادىق باغۋەننىڭ قىزىنى ئالىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاندىن سودىگەر

ئوتتۇرانچى ئوغلىنى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن كىمنىڭ قىزىنى ئالىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغلىمۇ:

— سادىق باغۋەننىڭ قىزىنى ئالىمەن، — دەپتۇ. سودىگەر كەنجى ئوغلىنى چاقىرىپ سوراپتىكەن، ئۇمۇ:

— سادىق باغۋەننىڭ قىزىنى ئالىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ ئىشقا بىشى قاتقان سودىگەر ئوغۇللىرىنى يىغىپ، سادىق باغۋەننىڭ قىزىنى پەقەت بىرسىنىڭلا ئېلىشىغا بولىدىغانلىقىنى، قالغان ئىككىسىنىڭ باشقىلارنىڭ قىزىنى ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ. لېكىن ئوغۇللارنىڭ ھېچقايسىسى دېگەن سۆزىدىن يانماپتۇ. سودىگەر ئۇلارنى گېپىگە كۆندۈرەلمەي، ئاخىرى بىر چارە ئويلاپ تېپىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەن سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا قىرىق تۆگىلىك يۈك بېرىمەن. سىلەر يىراق يۇرتلارغا بېرىپ، سودىگەرچىلىك قىلىپ كېلىڭلار. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر يىل مۆھلەت بېرىمەن. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە قايسىڭلار ئالدى بىلەن مۇشۇ قىرىق تۆگىلىك مالنى سەكسەن تۆگىلىك مال قىلىپ كېلەلىسەڭلار، سادىق باغۋەننىڭ قىزىنى شۇنىڭغا ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

ئوغۇللار بۇ شەرتكە رازى بولۇپ، سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار يولغا چىقىپ بىر ئاي بولدى دېگەندە، ئۈچ ئاچا يولغا دۇچ كەپتۇ. ئۈچ ئوغۇل مەسلىھەتلىشىپ، ئۈچى ئۈچ يولغا چۈشۈپ ئۆز ئالدىغا يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. يەنە بىر ئاي بولدى دېگەندە ئۈچكە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئاكا-ئۇكىلار بىر شەھەردە تەڭلا تېپىشىپ قاپتۇ. ئۇلار ساق-سالامەت كۆرۈشكەنلىكلىرىگە خۇشال بولۇشۇپ، بىر كارۋان سارىيىغا چۈشۈپ، بىرقانچە كۈن ئارام ئېلىشىپتۇ. ئاندىن ماللىرىنى نۆۋەت بىلەن بازارغا ئېلىپ چىقىپ، سېتىشماقچى بوپتۇ.

بىرىنچى كۈنى چوڭ ئوغۇل چىقىپتۇ. ئۇ تۆگىلىرىنى ھەيدەپ قايناق بازارغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر ئادەم ئۇنىڭ بارىچە:

— خاسىيەتلىك ئەينەك ساتىمەن، — دەپ ۋارقىراۋاتقۇدەك. چوڭ ئوغۇل ئەينەكچىنى چاقىرىپ:

— ئەينىكىڭنىڭ نېمە خاسىيىتى بار؟ قانچىگە ساتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەينەكچى:

— بۇ ئەينەكتە ئالتە ئايلىق يولنىڭ نېرىسىدىكى ئادەملەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئالىمەن دېسەڭ قىرىق تۆگىلىك يۈك بەر، — دەپتۇ.

چوڭ ئوغۇل تەۋەككۇل قىلىپ قىرىق تۆگىلىك يۈكنى بېرىپتۇ ۋە ئەينەكنى ئېلىپ سارايغا يېنىپ كەپتۇ.

ئەتىسى ئوتتۇرانچى ئوغۇل تۆگىلىرىنى ھەيدەپ، بازارغا چىقىپ، كۆڭلىگە يارىغۇدەك مال سېتىۋېلىشنىڭ كويىدا بوپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىر كىشى:

— خاسىيەتلىك گىلەم ساتىمەن، — دەپ ۋارقىراپ يۈرگىدەك. ئوتتۇرانچى ئوغۇل:

— گىلىمىڭنىڭ نېمە خاسىيىتى بار؟ — دەپ سوراپتۇ. گىلەمچى:

— بۇ گىلەم ئالتە ئايلىق يولغا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يەتكۈزۈپ قويۇش خاسىيىتىگە ئىگە، — دەپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل بۇنىڭغا قىزىقىپ، قىرىق تۆگىلىك يۈكنى بېرىپ گىلەمنى ئېلىپ سارايغا قايتىپ كەپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى كەنجى ئوغۇل تۆگىلىرىنى ھەيدەپ بازارغا چىقىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە «ئاكىلىرىمنىڭ سودىسى ئوڭۇشلۇق بوپتۇ. مەن نېمە سېتىۋالسام بولار؟» دەپ خىيال قىلىپ تۇرسا بىر ئادەم:

— خاسىيەتلىك ئالما ساتىمەن، — دەپ ۋارقىراپ يۈرگىدەك، كەنجى ئوغۇل:

— ئالمىڭنىڭ نېمە خاسىيىتى بار؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، ئالمىچى:

— بۇ ئالمىنى ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان

ئېغىر كېسەللەرنى ساقايتىدىغان خاسىيىتى بار، ــ دەپتۇ. كەنجى ئوغۇلمۇ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا، قىرىق ئوڭگىلىك يوكىنى بېرىۋېتىپ، ئالمىنى ئاپتۇ.

سودىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولغان ئۈچ ئاكا-ئۇكا، سېتىۋالغان نەرسىلىرىنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلىشىپ، بىر-بىرىگە ماختىنىپتۇ. شۇ ئەسنادا كەنجى ئوغۇل چوڭ ئاكىسىغا:

ــ سىېنىڭ ئەينىكىڭنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئالتە ئايلىق يەردىكى ئادەملەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتەلەيدىغان خاسىيىتى بولسا، مۇشۇ تاپتا سادىق باغۋەننىڭ قىزى نېمە قىلىۋاتىدىكىن، كۆرۈپ باقمايمىزمۇ؟ ــ دەپتۇ. چوڭ ئوغۇل ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار ئەينەككە قاراپ، ئۆز يۇرتى ئىچىدىن سادىق باغۋەننىڭ قىزىنى كۆرۈپتۇ. لېكىن قىز ئۆلەر ھالەتتە سەكراتتا ياتقۇدەك. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، قىزنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرماقچى بوپتۇ ۋە دەرھال ئوتتۇرانچى ئوغۇلنىڭ ئۇچار گىلىمىگە ئولتۇرۇپ ئۆز يۇرتىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. دېگەندەكلا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئارىلىقتا ئۆزلىرىنى سادىق باغۋەننىڭ ئۆيىدە كۆرۈپتۇ. ئۇلار ئۆلەر-تىرىلىشنىڭ ئارىلىقىدا ياتقان قىزنىڭ ئاغزىغا كەنجى ئوغۇلنىڭ خاسىيەتلىك ئالمىسىدىن بىر كېسىم سالغان ئىكەن، قىز شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ يىگىتلەرگە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

قىزنىڭ كېلىشكەن ھۆسن-جامالى ئاكا-ئۇكىلارنىڭ يۈرىكىنى قايتىدىن ئوتقا ساپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرسى ئۆز كۆڭلىدە قىزنى ئۆزىگە تەئەللۇق دەپ ئويلىشىپتۇ. كۆڭلىدىكىنى يوشۇرالمىغان چوڭ ئوغۇل:

ــ ئەمدى بۇ ساھىبجامالنى مەن خوتۇنلۇققا ئېلىشىم كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ ھايات قېلىشىغا مېنىڭ خاسىيەتلىك ئەينىكىم سەۋەبچى بولدى. ئەگەر مېنىڭ ئەينىكىم ئارقىلىق ئۇنىڭ سەكراتتا ياتقانلىقىنى ۋاقتىدا كۆرمىگىنىمىزدە ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايتتۇق، ــ دەپتۇ. بۇ سۆزگە قايىل بولمىغان ئوتتۇرانچى ئوغۇل:

ــ ياق، بۇ ساھىبجامالنى مەن خوتۇنلۇققا ئېلىشىم كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ ھايات قېلىشىغا مېنىڭ خاسىيەتلىك گىلىمىم سەۋەبچى بولدى. ئەگەر مېنىڭ تېز ئۇچار گىلىمىم بولمىغاندا، سەن ئەينەك ئارقىلىق كۆرگەن تەقدىردىمۇ، نەچچە ئايلىق يولدىن يېتىپ كەلگىچە قىز ئالللىقاچان ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان بولار ئىدى، ــ دەپتۇ. بۇ سۆزلەردىن كېيىن كەنجى ئوغۇل:

ــ ياق، بۇ ساھىبجامال ماڭا تەئەللۇق. چۈنكى ئۇنىڭ ھايات قېلىشىغا بىردىنبىر سەۋەبچى بولغان نەرسە مېنىڭ خاسىيەتلىك ئالمامدۇر. ئەينەك ئارقىلىق ۋاقتىدا كۆرگەن تەقدىردىمۇ، گىلەم ئارقىلىق ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، مېنىڭ خاسىيەتلىك ئالمام بولمىغان بولسا، ئۇنى قانداق ساقايتالايتتىڭلار؟ ــ دەپتۇ.

ئۇلار مانا مۇشۇ تەرىقىدە بىر مەھەل تالاش-تارتىش قىپتۇ. ھەركىم ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋېپتۇ. ئاخىرى قىز ئوتتۇرىغا چىقىپ:

ــ تالاشماڭلار، مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشتا ھەممىڭلارنىڭ ھەسسىسى بار، لېكىن قايسىڭلارغا تېگىشتە، مېنىڭ سىلەرگە قويىدىغان بىر سوئالىم بار. كىم توغرا جاۋاب بەرسە، مەن شۇنىڭ ئىلكىدە بولىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە بىر ئايلىق مۆھلەت بېرىمەن، ــ دەپ تۆۋەندىكى تېپىشماقنى سوئال قىلىپ سوراپتۇ:

ئىككى پادىشاھ بىر شەھەرنى سوراپتۇ
جاڭجال چىقارماي،
ئىككى بۆرە بىر قوينى يەپتۇ قېنىنى چىقارماي.
بەش قولۇمدا بەش ئۈزۈك، ئالغىن چىقارماي،
سوئالىمغا جاۋاب تاپسا قاي يىگىت،
ئالسۇن مېنى پۇل چىقارماي.

ئۈچ ئاكا-ئۇكا قىزنىڭ سوئالىغا جاۋاب

بېرىش ئۈچۈن بىرقانچە كۈن باش قاتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچ ئامال تاپالماپتۇ. ئاخىرى ئۆلىما ئۆلىمالارغا، دانالارغا مۇراجىئەت قىلىش ئۈچۈن، يۇرت كېزىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

كەنجى ئوغۇل كېتىۋېتىپ، بىر تاغنىڭ ئېتىكىدە قوي بېقىپ يۈرگەن بىر نامرات يىگىتكە ئۇچراپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ بولۇپلا. يولنى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ. لېكىن قويچى يىگىت:

— ھەي يىگىت، نەگە ئالدىراپسەن؟ كۆڭلۈڭنىڭ ئارامى يوقتەك تۇرىدۇ. يول ئازابى چېكىپ چاڭقاپسەن، بۇ يەرگە كەل ئازراق قېتىق ئىچىپ، تەشنالىقىڭنى باس. سەپىرىڭنى ئاندىن داۋاملاشتۇرساڭمۇ بولىدۇ. — دەپتۇ. قويچى يىگىتنىڭ بۇ سەمىمىي تەكلىپى كەنجى ئوغۇلنى ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىپتۇ. يىگىت ئۇنىڭ قېتىقىدىن ئىچىپ، تەشنالىقىنى باسقاندىن كېيىن، سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىپتۇ ۋە باغۋەننىڭ قىزى سورىغان تېپىشماقنى قويچى يىگىتكە دەپ بېرىپتۇ، ئاندىن:

— مانا شۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن، دانالارنى، ئۆلىمالارنى ئىزدەپ جاھان كېزىپ يۈرۈپتىمەن. ئازاب چېكىشىم ئاشۇ دىلرابانىڭ ۋەسلىگە ئېرىشىش ئۈچۈندۇر، — دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان قويچى يىگىت جىم بولۇپ قاپتۇ، ئاندىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە يولۇچى يىگىتكە قاراپ:

— بۇنىڭدىن غەم يېمە، جاۋاب ئىزدەپ جاھانمۇ كەزمە، قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغايسەن، بۇنىڭ جاۋابىنى مەندىن بىلەرسەن: ئىككى پادىشاھ بىر شەھەرنى سوراپتۇ جاڭجال چىقارماي، دېگىنى — ئاي بىلەن كۈندۇر؛ ئىككى بۆرە بىر قوينى يەپتۇ قان چىقارماي دېگىنى — ئەزرائىل بىلەن جەبرائىلدۇر؛ بەش قولۇمدا بەش ئۈزۈك ئالغىن چىقارماي دېگىنى — مەن ئۆزۈم بەشۋاق نامازمەن، سەنمۇ بەشۋاق ناماز بولغايسەن، دېگىنىدۇر. مانا ئەمدى قايتىپ بېرىپ، مەشۇقىڭغا مۇشۇ جاۋابنى بەرگەيسەن، — دەپتۇ.

قويچى يىگىتنىڭ دەپ بەرگەن بۇ ئاقىلانە جاۋابى كەنجى ئوغۇلنى بەكمۇ خۇش قىپتۇ. ئۇ يىگىتكە كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپ خوشلىشىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ ھەمدە دەرھال قىزنىڭ ھۇزۇرىدا بولۇپ، سوئالغا جاۋاب ئىزھار قىپتۇ. يىگىتنىڭ جاۋابى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قىز:

— سىز بۇ جاۋابنى ئۆزىڭىز تاپتىڭىزمۇ ياكى بىرەرسى ئېيتىپ بەردىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىتمۇ راستىنى ئېيتىپ، بىر تاغنىڭ باغرىدا قوي بېقىپ يۈرگەن نامرات يىگىتنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قىز بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

— مەن ئەسلى قويچى يىگىتكە مەنسۇپ بولۇشۇم كېرەك، لېكىن سىلەرنىڭ ياخشىلىقىڭلارنى ئويلاپ، بۇنداق قىلسام نامەردلىك بولىدۇ دەپ قارىدىم. ھازىر مەن تۆت يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ قالدىم. ھېچكىمنىڭ نارازى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاخىرقى قېتىم تۆت يىگىتنىڭ ئالدىدا يەنە بىر سوئال قويماقچىمەن. كىم ئۇنىڭغا توغرا جاۋاب بەرسە، مەن شۇنىڭ ئىلكىدە بولىمەن، — دەپتۇ ۋە كەنجى ئوغۇلغا قويچى يىگىتنى چاقىرىپ كېلىشنى تاپشۇرۇپتۇ. ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدە قويچى يىگىتمۇ چاقىرىپ كېلىنىپتۇ.

تۆت يىگىت باغۋەننىڭ قىزىنىڭ ھۇزۇرىدا ھازىر بولۇپ، ئۇنىڭ سوئال قويۇشىنى كۈتۈپتۇ. قىز ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، تاۋار رومالغا يۆگەكلىك بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ ۋە ئۇنى ئېچىپ، رومال ئىچىدىكى قانداقتۇر بىر مەخلۇقنىڭ قۇرۇپ كەتكەن باش سۆڭىكىنى ئېلىپ:

— بۇ نېمىنىڭ بېشى؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۈچ ئاكا-ئۇكا بەس-بەس بىلەن ئۇنى ھەر خىل ھايۋاننىڭ بېشىغا ئوخشىتىپ كۆرگەن

بولسمۇ، لېكىن قىزنىڭ «ئەمەس» دېگەن سۆزى بىلەن ئۈمىدسىزلىنىپ جىم بولۇشۇپتۇ. نۆۋەت قويچى يىگىتكە كەلگەندە، ئۇ باشقا سىنجىلاپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، باشنى باغرىغا بېسىپ، بىر هازاغىچە ھەسرەت-نادامەت بىلەن يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن ئەجەبلەنگەن ئۈچ ئاكا-ئۇكا قويچى يىگىتكە تەسەللىي بېرىپ، يىغىدىن توختىتىپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. قويچى يىگىت يىغىدىن توختاپ، ئائىلە شەجەرىسى بىلەن سەرگۈزەشتىسىنى قىسقىچە سۆزلەپ مۇنداق دەپتۇ:

— رىيازەت چەككەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۆدەكلىكىمىزدە سەممىزگە سىڭلىپ قويغان تاپشۇرمىلىرى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسەتكەنلىكىگە قايىلمەن. بۇ باش ئۇلۇغ ۋەزىر ئەزەم — قەدىردان ئاتام مىنگەن تۇلپارنىڭ بېشىدۇر. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر-كى، ئالدىڭلاردا تۇرغان بۇ ئاجىزە مانا مۇشۇ شەھىرىمىز پادىشاھىنىڭ يالغۇز مەلىكىسىدۇر. مەن بولسام پادىشاھنىڭ ئەڭ يېقىن كۆرىدىغان دانىشمەن ۋەزىرىنىڭ بىردىنبىر ئوغلىمەن. بىز ئانىمىزنىڭ قورسىقىدا ئاپىرىدە بولغان كۈندىن باشلاپ پادىشاھ بىلەن ئاتام كەلگۈسى پەرزەنتلىرى توغرىسىدا خەت پۈتۈم قىلىپ: «ئەگەر ھەر ئىككىلىسى ئوغۇل ياكى قىز بولۇپ تۇغۇلسا، مەڭگۈ دوست-يارەن بولۇپ ئۆتسۇن. ئەگەر بىرى ئوغۇل، بىر قىز بولۇپ تۇغۇلسا، خۇدا قوشقان قوشماقلاردەك مەڭگۈ بىر ئائىلىدە ئەر-خوتۇن بولۇپ ئۆتسۇن» دەپ ئەھدە قىلىشقان ئىكەن. ئاخىرى ئۇلارنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، پادىشاھ بىلەن ئاتام شىكاردا يۈرگەن بىر كۈنى ئانامنىڭ كۆزى يورۇپ مەن تۇغۇلۇپتىمەن. پادىشاھنىڭ خانىشى قىز تۇغۇپتۇ. ئانامنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقىدىن

خەۋەر تاپقان ئاتام خۇشاللىقىدىن تاغ بېشىدىن ئوردىغا قاراپ تۇلپارنى بولۇشىغا چېپىپ كېلىۋاتقىنىدا ئات يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ، ئاتامۇ قازا قىپتۇ. ئاتامنىڭ ۋاپاتى ئانام ئۈچۈن زور قايغۇ-ھەسرەت ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ ئاتامنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس يالدامىسى بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئۆلگەن تۇلپارنىڭ باش سۆڭىكىنى ئەكەلدۈرۈپ، قىممەتلىك بۇيۇم قاتارىدا ساندۇقىدا ساقلاپتۇ. مەن نارىسىدە ۋاقتىمدا ئانامنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇ مۇقەددەس تەۋەررۇكنى بىرقانچە قېتىم كۆرگەن ئىدىم. مانا بۈگۈن مەلىكىمىزنىڭ ئەقىدىسىدىن ئاتامنىڭ مۇبارەك نەمۇنىسىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. كۆڭلۈمنىڭ بۇزۇلۇپ، يىغلىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇدۇر. كېيىن ئوردىنىڭ ئىچى قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇ. ئاتام ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ پادىشاھىمىز ئاتام بىلەن قىلغان ئەھدىسىدە چىڭ تۇرۇپتۇ، لېكىن ئاتامنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن قارا نىيەت ۋەزىر «تەخت ۋارىسى مۇشۇ يېتىم ئوغلاق بولۇپ قالارمۇ؟!» دېگەن غەرەزدە ھەسەت قىلىپ، مېنى ۋە بىزنىڭ ئائىلىمىزنى كۆزىدىن يوقىتىشنىڭ كويىدا بوپتۇ، مەلىكىنى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا ئېلىپ بەرمەكچى بوپتۇ. ئۇنىڭ نىيىتى تېخىمۇ بۇزۇلۇپ، ئاخىرى بىر كۈنى ئۇلۇغ شاھىمىزنى سۇيىقەست بىلەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئائىلىرىمىز بىزگە خەۋپ-خەتەرنىڭ كەلگەنلىكىنى سېزىپ، ئۆزىنىڭ سادىق مۇلازىملىرى ئارقىلىق مېنى بىر كېچىدىلا تاغدىكى تاغامنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىۋېتىپتۇ. مەلىكىمىزنى بولسا، مەلۇم بولدىكى، ئەينى زاماندا پادىشاھىمىزنىڭ چاھار بېغىدا باغۋەنچىلىك بىلەن ئۆتكەن مانا بۇ سادىق باغۋەننىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپتۇ.

غالجىرلاشقان قارا نىيەت ۋەزىر پادىشاھىمىزنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، بىزنى نەگە يوشۇرغانلىقنى تەپتىشلەپ، ئانىلىرىمىزنى قىين-قىستاققا ئېلىپ، ئاخىرى ئۇلارنىڭمۇ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. پاراسەتلىك ئانىلىرىمىز ئەنە شۇ ئوردىدا يۈز بەرگەن ساراسىمچىلىك ۋاقىتلاردا خۇدىنى يوقاتماي بىزنىڭ غېمىمىزنى يەپتۇ. كەلگۈسىدە يەنە تېپىشىۋېلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئويلاپ، بۇ دەرگاھلىقتا مەلىكە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان تېپىشماقلىق سوئال بىلەن جاۋابنى ۋە تۇلپارنىڭ تەۋەرۈك باش سۆڭىكىنى بىزگە شەرتلىك بەلگۈ قاتارىدا قالدۇرۇپ كېتىشكە ئۈلگۈرۈپتۇ. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئاللاتائاللا بىزنى بىر-بىرىمىز بىلەن تېپىشتۇردى. بۇ ئىشتا سەۋەبكار بولغۇچى ئۈچ ئاكا-ئۇكا ئۇرادەرلىرىمىزگە مىننەتدارمەن، — دەپ سۆزىنى ئاياقلاشتۇرۇپ، قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، سورۇن ئەھلىگە سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

قويچى يىگىتنىڭ سۆزى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئۈچ ئاكا-ئۇكا ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق تىلەپ:

— سىلەر ۋىسال جۇدالىقنىڭ دەردىنى ھازىرغىچە تارتقان ھەقىقىي بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقلار ئىكەنسىلەر، ئىككىڭلار توي قىلىشقا ھەقلىق ئىكەنسىلەر. بىز سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولۇشقا تەييارمىز، — دېيىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئاشىق-مەشۇق توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپ، مۇراد-مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ. ئۈچ ئاكا-ئۇكا ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك دوستلىرى بولۇپ قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **سۇلتانماخمۇت تۇرسۇن**

توپلىغۇچى: **ئابدۇرېشىت ئىراھىم** (توققۇزتارا ناھىيىسىدىن)



## يۇلغۇننىڭ غولى نېمە ئۈچۈن قىزىل

(رىۋايەت)

يۇلغۇننىڭ غولى ئەسلىدە كۆك ئىكەن. ئۇ كۆرۈمسىز، تىكەنلىك بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى كۆرگەنلا يەردە يۇلۇپ تاشلايدىكەن. شۇڭا ئۇنى «يۇلغۇن» (يۇلۇپ تاشلىغىن) دەپ ئاتىغانىكەن. بىر قېتىمقى ئۇرۇشتا غەيرىي دىندىكىلەر ھەزرىتى ئىمامنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى ئاپتۇ. ئىمامنىڭ كاللىسىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بوپتۇ. ئىمامنىڭ كاللىسىنى زىخقا سانجىپ ئاپىرىش ئۈچۈن جىمى دەرەخلەردىن زىخ ياساپ ئىمامنىڭ كاللىسىغا سانجىپتۇ، ھېچقايسى ئىمامنىڭ كاللىسىغا ئۆتمەپتۇ. ئاخىرى ئۇلار يۇلغۇننى كېسىپ كېلىپ زىخ ياساپ سانجىغانىكەن، ئىمامنىڭ كاللىسىغا ئۆتۈپتۇ. ئۇلار ئىمامنىڭ كاللىسىنى زىخ بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. يۇلغۇننىڭ غولى قىزىل بولۇشى ئىمامنىڭ قېنى يۇلغۇنغا تېمىپ قىزىل رەڭگە كىرگەنىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بىر كۈنى ئاللاتائاللا يۇلغۇندىن:

— جىمى دەرەخلەر ئىمامنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئۇنىڭ بېشىغا ئۆتمىدى. سەن نېمىشقا ئۆتتۈڭ؟ — دەپ قەستەن سورىغانىكەن، يۇلغۇن:

— ئىمام ئۆلگەندىن كېيىن جىمى دەرەخلەردىن زىخ ياساپ ئىمامنىڭ كاللىسىغا سانجىدى، ئۆتمىدى، قارىسام ئىمامنىڭ كاللىسىنى سانجىغىلى زىخ بولمىغاچقا، ئاتقا سۆرىتىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئاخىرى ئۇلار مەندىن زىخ ياسىدى، «مەن ئىمامنىڭ كاللىسىنى ئاتقا سۆرىتىپ خار قىلمىسۇن، ئۇنىڭدىن كۆرە ماڭا سانجىپ كۆتۈرۈپ ئاپارسۇن» دەپ ئويلاپ، ئىمامنىڭ كاللىسىغا ئۆتتۈم، — دەپتۇ. ئاللاتائاللا بۇنى ئاڭلاپ: «نامى يۇلغۇن بولسۇن، خار بولمىسۇن، چۆل-جەزىرىلەردە كۆپىيىپ ئۆسسۇن، تىكەنلىرى بولمىسۇن، ئادەملەرمۇ يۇلغۇننى ئەزىزلەپ، قۇرۇغاندا ئۇلاغلىرىغا ئارتىپ، يېقىلغۇ قىلسۇن، ئادەملەرنىڭ يېقىن ئۆلپىتى بولسۇن!» دەپ دۇئا قىلغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **مەتنىياز بارات**

توپلىغۇچى: **تۇرسۇن بەكرى**

# قۇمۇل ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تارىخىي ئورنى توغرىسىدا

**ئابلىز ئىسمائىل**

## قۇمۇل مۇقامىنىڭ ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامدا تۇتقان ئورنى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇقام تەتقىقاتچىلىقى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. ئالىملار ۋە مەشھۇر تەتقىقاتچىلار ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدا زور ھەجىمدىكى كىتاب ۋە ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە ئىلمىي يەكۈن چىقاردى ۋە ئۇنىڭغا ئالىي تەبىر بەردى: ئۇيغۇر خەلق ئون ئىككى مۇقامى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي مىراسى: خەلقىمىز ئىچىگە كەڭ تارقالغان غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن جانلىق مۇزىكا بايلىقى؛ ئۇيغۇرلارغا خاس يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت پسىخولوگىيىسىگە ماس ھالدا يارىتىلغان بەدىئىي قامۇس؛ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ، جۈملىدىن دۇنيانىڭ كلاسسىك مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان كاتتا تۆھپىسى؛ شەرق مۇزىكىلىرىنىڭ بۇلىقى.

ھازىرقى مۇقام تەتقىقاتچىلىقى بۇ ئىلمىي يەكۈنلەرنىڭ ۋە تەبىرلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە تامامەن ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى.

مۇشۇنداق ئىلمىي يەكۈن ۋە يۈكسەك تەبىرلەشكە سازاۋەر بولغان ئون ئىككى مۇقامنىڭ مەنبەسى بولماي مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق شەيئىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بولىدۇ: شەيئىلەر پەيدا بولىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، مۇكەممەللىشىدۇ. بارلىققا كېلىشىنىڭ قانۇنىيىتى بولىدۇ — ئون ئىككى مۇقاممۇ مۇشۇ قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. دۆلىتىمىزدىكى، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى مۇقام تەتقىقاتچىلىرى دولان ۋە قۇمۇل مۇقاملىرىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ كونا مەنبەسى ۋە ئاساسىي گەۋدىسى، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشمەكتە. تەتقىقاتچى ئالىم ئابدىرېھىم ئۆتكۈر: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئون ئىككى مۇقامى كۆسەن (كۇچا) مۇزىكىسى، سۇلې (قەشقەر) مۇزىكىسى، ئىدىقۇت (تۇرپان) مۇزىكىسى، ئۇدۇن (خوتەن) مۇزىكىسى ۋە ئېۋىرغول (قۇمۇل) مۇزىكىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدۇر» ① دەپ كۆرسەتتى. پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن: ئون ئىككى مۇقام تىزىملىكى ئۈستىدە توختالغاندا «ئون ئىككى مۇقامنىڭ كونا مەنبەسى ۋە گەۋدىسى بولغان دولان، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ... دولان، قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى نەغمىلەرنىڭ قەدىملىكى، بىرقەدەر ئىپتىدائىيلىقى، يېزا-قىشلاق تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلىكى، ئۇسسۇللىرىنىڭ سالماقلىقى، مىللىي ئۇسلۇبىنىڭ قويۇقلۇقىدىن ئۇلارنىڭ مۇقام نەغمىلىرى ۋە ئۇسسۇللىرىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى، مۇھىم ھۇلى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز» ② دەپ كۆرسەتتى. پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان: «ئەگەر ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىتتىك مەنىسىنى كونكرېتراق بايان قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنى قەدىمكى چىۋزىيو مۇقامى (كۇچا مۇزىكىسى). سۇلې

(قەشقەر) مۇقامى، ئۇدۇن (خوتەن) مۇقامى، ئىدىقۇت (تۇرپان) ۋە ئېۋىرغول (قۇمۇل) مۇقام كۈيلىرىنىڭ سىستېمىلىشىشىدىن ئىبارەت دېيىشكە بولىدۇ» ③ دەپ قارىدى. تەتقىقاتچى ئەمەتجان قاتارلىق بىرقانچە يولداشلارنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىدىمۇ يۇقىرىقىلار بىلەن بىردەك كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دېمەك، كۆسەن، سۇلى، ئۇدۇن، ئىدىقۇت، ئېۋىرغول مۇقاملىرى ئۇيغۇر خەلق ئون ئىككى مۇقامىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلار كۆپچىلىك بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئىلمىي يەكۈن بولۇپ قالدى. بۇ ئېۋىرغول نەغمىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئاجايىپ رول ئوينىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

## قۇمۇل مۇقامىنىڭ سۇي، تاڭ، سۇڭ دەۋرى مۇزىكا تەرەققىياتىغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسى

قۇمۇل مۇقامى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمكى مۇزىكا بايلىقى.

تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىدا ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا تەرەققىي قىلغان. سۇي، تاڭ دەۋرلىرىگە كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ ناخشا، ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا كونسېرتلىرى ھەم بىر قىسىم مەشرەپ، مۇقام تىپىدىكى ئەلنەغمىلىرى چاڭئەنگە تارقىلىشقا باشلىغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «يېشىل رومال»، «ئەتلەس كۆڭلەك»، «باھار بۇلبۇل ناۋاسى»، «رومال ئۇسسۇلى»، «چەش ئۇسسۇلى»، «كۇچا ئەلنەغمىسى»، «ئېۋىرغول ئەلنەغمىسى»، «بەشبالىق ئەلنەغمىسى»، «ئۇيغۇر راھىبىنىڭ ساماسى»، «تاشبالىق ئەلنەغمىسى»، «ئۈچ كۆكتۈرك قوشىقى نەغمىسى»، «يېشىل پوتا نەغمىسى»، «كۇچا بۇددا نەغمىسى»، «تۇرپان بۇددا نەغمىسى» ۋە «شادىيانە» قاتارلىق ئۇسسۇللۇق نەغمەلەر چاڭئەندە ئوينالغان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېۋىرغول ناخشىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن «ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسى» دەپ ئاتالغان. «نەغمىچىلەر مەھكىمىسىنىڭ شېئىرلار توپلىمى»نىڭ 79-جىلتىدا «ئېۋىرغول شاگىردىياۋ كۈيلىرىنى غەربىي لياڭنىڭ باشقىچىگە گەي جياڭيۈن ئېلىپ كەلگەن» دەپ يېزىلغان. سۇلجىيەنىڭ «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىلىرى»دە: «ئوقۇتۇش يۇرتىدىكى نەغمە ئۆگەتكۈچىلەر ئۆرۈلۈپمۇ چۆرۈلۈپمۇ ئېۋىرغول نەغمىلىرىدىن نېرى كېتەلمىگەن» دەپ يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسىدىكى «ئوقۇتۇش يۇرتى» مەخسۇس مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇل، تىياتىر ئۆگىتىدىغان مەھكىمە بولۇپ، ئېۋىرغول نەغمىسى «ئوقۇتۇش يۇرتى»نىڭ رېپېتىتسىيە قىلىپ ئېيتىشى، پىششىقلاپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ناخشا-مۇزىكىلىرىدىن بولۇپ قالغان. «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىلىرى»دە 325 مۇزىكا نامى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ 46 سى چوڭ نەغمە، ئالتىسى غەربىي يۇرت نەغمىسى — سۇمۇز نەغمىسى، تىنچلىق نەغمىسى، بەشبالىق نەغمىسى، كۇچا نەغمىسى، ئېۋىرغول نەغمىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسى «ئوقۇتۇش يۇرتى»دا پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن ئوردىدا، چاڭئەننىڭ ئويۇنخانىلىرىدا، چايخانىلىرىدا، قاۋاقخانىلىرىدا، شەھەر كوچىلىرىدا كەڭ تارقالغان. ئېۋىرغول نەغمىسىگە ئەڭ دەسلەپتە تاڭ دەۋرىدىكى ئاتاقلىق شائىر ۋاڭ ۋېينىڭ «ئېۋىرغول ناخشىلىرى» دېگەن يەتتە بوغۇملۇق شېئىرى تېكىست قىلىنغان.

«ئوتتۇرا ئەسىر ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان تاڭ دەۋر

سەنئىتىدە شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگارەڭ بىر مەدەنىيەت گۈلزارى بولغان. ئۇ چاغدا ئوينالغان ئويۇنلار ۋە ئۇيغۇر مۇزىكا، ناخشا-ئۇسسۇللىرىغا بولغان قىزغىن مۇھەببەت توغرىسىدا لى بەي، بەي جۈيى، ليۇ يۈشى، يۈەن جىن، ۋاڭ جيەن، جاڭ خۇ، سېن شېن، شۈي نىڭ، ليۇ يەنشى، ياڭ جۈيۈەن، ليۇ مېڭدى، لى يى، لى دۈەن، شېن ياجىڭ، گاۋپيەن، گوگۇاڭ، خۇارۇي خانىم قاتارلىق نۇرغۇنلىرىغان شائىرلار جانلىق، گۈزەل مىسرالار قالدۇرغان.» ④

تاڭ شائىرى ۋاڭ جىيەن «قەسىر، نەغمىسى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

نەيچە ھەم تارلىق ساز-چالغۇلار
تەڭكەش بولۇپ،
بۇندا شاڭ دىياۋ كۈيدە ئوينالدى قۇمۇل
نەغمىسى.

تاڭ شائىرى گاۋپيەن «غەزەلخان» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

چىقتى بەگزادە راۋاقتا، تولغىنىدا ئاي-قەمەر،
ئېۋىرغولنىڭ نەغمىسىگە ئېيتتى سازەندىلەر
لەيەر.
شۇ مەھەل گويا بىلىندى كەلدى قۇملۇقتىن
شامال،
تاكى ياڭگۈەن قاپقىسىدا سۇ ئۆزۈلگەنگە
قەدەر.

تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، مىلادى 421-يىلى غەربىي لياڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندا، تاڭ چى، لى باۋ قاتارلىقلار قۇمۇلغا كېلىپ، قۇمۇل ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكىسىنى ئۆگىنىش، توپلاش بىلەن 21 يىلنى قۇمۇلدا ئۆتكۈزگەن. 441-يىلى (20 يىلدىن كېيىن) لى باۋ دۇڭخۇاڭغا ۋالىي بولۇپ ماڭغاندا، قۇمۇلدىن 10 قىسىم مۇزىكا، ئۈچ قىسىم ئۇسسۇل، 11 خىل چالغۇ ئەسۋابى ھەم 30 دىن ئارتۇق قۇمۇل سەنئەتچىسىنى بىللە ئېلىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى قۇمۇل مۇزىكىسى «ئېۋىرغول» ئالاھىدە مەشھۇر بولۇپ، دۇڭخۇاڭدا مۇزىكا مودىسى بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مۇزىكا چاڭئەندە داڭ چىقىرىپ، ئۇردا ئىچى-سىرتىدىكىلەرنى جەلپ قىلغان ھەمدە جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان⑤. 1918-يىلى فرانسىيىلىك قىللىرەت دۇڭخۇاڭدىن 6000 پارچە ۋەسىقىنى ئېلىپ كەتكەندە، ئېۋىرغول مۇزىكا شەجەرىسى ۋە نوتىسىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتكەن. 1964-يىلى شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىدىكى پروفېسسورلار دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان 25 مۇزىكا نوتىسىنى رەتلەپ تەرجىمە قىلغاندا، «ئېۋىرغول» مۇزىكىسىنىمۇ رەتلىگەن ھەم پلاستىنكىغا ئالغان. مەزكۇر مۇزىكىنىڭ پارىژدىكى نۇسخىسىمۇ رەتلىنىپ، تەرجىمە قىلىنىپ، پلاستىنكىغا ئېلىنغان⑥.

ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسى سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدىلا ئېيتىلىپ قالماي، بەلكى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ كەڭ تارقالغان. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خۇاڭ مەينىڭ «رۇڭگۈي خاتىرىسى»دە: «تارقىلىپ يۈرگەن نەغمىلەرنىڭ ھەممىسى تاڭ دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇلار جاي نامى بىلەن ئېۋىرغول نەغمىسى، لياڭجۇ نەغمىسى، شىجۇ نەغمىسى، شىجۇ نەغمىسى، ۋېيجۇ نەغمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېۋىرغول، لياڭجۇ نەغمىلىرى ئەڭ داڭلىق» دەپ يېزىلغان. سۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا زىياپەتلىرىدە ئورۇنلىنىپ كېلىۋاتقان 18 مۇقام 40 نەغمە (تاڭ-سۇڭ نەغمىلىرى) ئىچىدىكى بۆدياۋ «ئېۋىرغول»، شىجىدياۋ «ئېۋىر-غول»لارنىڭ ھەممىسى ئېۋىرغول نەغمىلىرىدىن ئېلىنغان. سۇڭ دەۋرىدىكى گومائوچيەننىڭ «ئوردا نەغمىلىرى توپلىمى»نىڭ 79-جىلدىغا ئېۋىرغول نەغمىلىرىنىڭ پۈتۈن تېكىستى كىرگۈزۈلگەن.

ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسى سۇڭ تىياتىرى

ۋە كۈيلىرىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. ۋاڭ گوۋىنىڭ «سۇڭ-يۈەن تىياتىرى، مۇزىكىلىرىنى تەكشۈرۈش» دېگەن ئەسىرىدە: «ئىككى سۇڭ ئوردىسىنىڭ تىياتىرى 280 نۇسخا، كۈيگە سېلىنغانلىرى 103 نۇسخا» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بەش «لىك ئىۋىرغول»، «ئىچىجىيا ئىۋىرغول»، «ناۋۇتۇ ئىۋىرغول» قاتارلىقلار ئىۋىرغول چوڭ نەغمىسىگە كىرەتتى.

ئىۋىرغول نەغمىلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىن يىللىرىدىلا ئىچكى ئۆلكىلەرگە كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان.

دېمەك، بۇ تارىخىي پاكىتلار قۇمۇل ئەلنەغمىلىرىنىڭ سۇي، تاڭ ۋە سۇڭ دەۋرلىرىدىن تارتىپ ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مۇزىكا تەرەققىياتىدا ئاجايىپ زور رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

## قۇمۇل مۇقامىنىڭ تارىخىي، ئورنى ۋە رولى ئۇزاق تارىخىي ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «قەدىمكى كۇچا، سۇلى (قەشقەر)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، ئودۇن (خوتەن)، ئىۋىرغول (قۇمۇل) مۇزىكىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي سەھنىسىدە ئوينىغان رولى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان» ⑦. دەپ قارىدى. دەرۋەقە، ئۇيغۇر مىللىتى ناھايىتى قەدىمكى مىللەت، جۈملىدىن قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن. قۇمۇلدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، قۇمۇلدا تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپلا ئىنسانلارنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكى ئىسپاتلاندى. يەتتە قۇدۇق، نوم، باي، تارانچى قاتارلىق جايلاردىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ تېپىلىشى قۇمۇلدا قەدىمكى دەۋر ئادەملىرىنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ قەدىمكى يۇرتتا ئىنسانلار تەخمىنەن 10 مىڭ يىلدىن بۇيان پائالىيەت قىلىپ كەلگەن. 1978-يىلى قۇمۇل ناھىيە قارا دۆۋە يېزىسىنىڭ قىزىل چوققا دېگەن يېرىدە ئورۇنقداشلىق جەمئىيىتىگە مەنسۇپ بىر چوڭ قەبرىستانلىقتىن بىر ئابالنىڭ جەسىتى تېپىلدى. بۇ جەسەتكە 3200 يىل بولغانلىقى ئارخېئولوگىيە جەھەتتە ئىسپاتلاندى. بۇ ئابالغا يۇڭ، پاختا، چېكىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل يىپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ قوپال توقۇلغان رەختتىن كىيىم كىيدۈرۈلگەن، توغراق دەرەخىنىڭ ياغىچىنى تىزىپ جەسەت ئاستىغا ۋە ئۈستىگە ياتقۇزۇلغان، جەسەتنىڭ گۆشلىرى سۆڭەكتىن ئاجرالمىغان، بۇلجۇڭ گۆشلىرىنىڭ ئېلاستىكىلىقى ساقلانغان. دېمەك، شۇ دەۋرنىڭ ئۆلۈكنى دەپنە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن كۆمۈلگەن كىيىم-كېچەك، تېرىق، نان، ئارپا، ياغاچ قورال قاتارلىقلاردىن قەدىمكى قۇمۇل مەدەنىيىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شىرىنزى يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن 2800 يىل بۇرۇنقى چوڭ تېپتىكى دان ئاقلاش قورالى ۋە كۆمۈرگە ئايلانغان بۇغداي دانچىلىرى چىققان. بۇلار قۇمۇل رايونلىرىدا بۇغداي تېرىقچىلىقىغا 4000 يىل بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

يەنە قۇمۇل رايونىنىڭ تاشبالىق يېزىسىنىڭ تاغ ئارىلىرىدا، ئارا تۈرۈك ناھىيە تاغلىرىدا، باركۆل ناھىيە تاغلىرىدا قىيا تاش سۈرەتلىرى بار. بۇ سۈرەتلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىن تېپىلغان قىيا تاش سۈرەتلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، مۇزىكا چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەن ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار، ئادەملەر، ئوۋچىلىق ۋە دېھقانچىلىق، ئويۇن-تاماشا پائالىيەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى خېلى ئوبرازلىق سىزىلغان. بۇندىن باشقا يەنە بىرقانچە يەردە مەڭگۈ تاش خاتىرىلىرى بار. بۇلارمۇ قۇمۇل رايونىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى مىلادىدىن خېلى ئىلگىرىلا ئۆزلىرى ياشاپ كېلىۋاتقان جۇغراپىيىلىك شەرت-شارائىتلىرىغا قاراپ تارىختا «شەرق ئۇيغۇرلىرى» ۋە «غەرب ئۇيغۇرلىرى» دېگەن ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنگەن. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى شەرق ئۇيغۇرلىرىغا مەنسۇپ. مەملىكىتىمىزنىڭ سۇي سۇلالىسى تارىخىي يىلنامىسىنىڭ 7-بابىدا شەرق ئۇيغۇرلىرى «ئاق تۇرا» ۋە «قىزىل تۇرا» لار دېيىلگەن. شەرق ئۇيغۇرلىرى مىلادىدىن ئىلگىرى 8-ئەسىردىلا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. قۇمۇل ئۇ دەۋرلەردە يىيىۋۇلۇ (ئىۋىرغول) دەپ ئاتالغان. تارىختا شەرق ئۇيغۇرلىرى (جۈملىدىن قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى) توتېم، شامان، مانى، «زەردۇشت (ئاتەشپەرەسلىك)»، نېستورىيان، بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان. بولۇپمۇ، بۇددا دىنىغا ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەر ئېتىقاد قىلغان، 13-ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. شەرق ۋە غەرب ئۇيغۇرلىرى بۇددا ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە بۇددا، ئىسلام مەدەنىيىتىنىمۇ قوبۇل قىلغان. غەرب ئۇيغۇرلىرى بۇددىزمغا ئۇزاق دەۋرلەر چوقۇنۇش جەريانىدا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى كېسىپ ئۆتكەن دۇنياغا مەشھۇر «يىپەك يولى» نى بويلاپ «دۇنياۋى سەنئەت ئارخىپلىرى» دەپ نام ئالغان ئاتاقلىق گۈللۈك كېمىر (مىڭ ئۆي) سىستېمىسىنى ياراتقان. شەرق ئۇيغۇرلىرىمۇ «يىپەك يولى» نىڭ شەرقىي لىنىيىلىرىدە، يەنى يىپەك يولىنىڭ ئۆتمۈرتقىسى بولغان قۇمۇلدا گۈللۈك كېمىرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇ قاتاردا قۇمۇلنىڭ توغچى يېزىسىدىكى بۇگۇر تەيزاڭ، قەدىمكى شەھەر لاپچۇقنىڭ جاراڭ-جورۇڭ، تامچى، تۇرا، ئارتام قاتارلىق جايلىرىدىكى گۈللۈك كېمىرلەرنى بەرپا قىلغان.

بۇ مەدەنىيەت خارابە ئىزلىرى شەرق ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيىتىدە قۇمۇل قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تارىخىي مىساللاردىن قارىغاندا، مىلادىنىڭ 487-يىلى ئۇيغۇرلار جورجانلار ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ، تارىختا «گاۋگۈيلەر خانلىقى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلار خانلىقىنى قۇرۇپ، 487-يىلدىن 546-يىلغىچە 60 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، شەرقتە قۇمۇلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. 8-ئەسىردە ئىدىقۇت خانلىقى قۇرۇلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ باشبالىق، قوچو دېگەن مەركىزىي شەھەرلىرىدىن باشقا چانبالىق، ياڭبالىق، سولمى، ئىۋىرغول (قۇمۇل) قاتارلىق چوڭ شەھەرلىرىمۇ بار ئىدى.» دەپ يېزىلغان. دېمەك، ئوتتىنچى ئەسىردىن سەككىزىنچى ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەردە قۇمۇل «ئېگىز ھارۋىلىقلار خانلىقى» ۋە «ئىدىقۇت خانلىقى» مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلغان چوڭ رايونلىرىدىن بىرى بولغان.

10-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىگ». «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇغ». «مايترى سىمىت» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەر شۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن. 1959-يىلى 4-ئايدا قۇمۇل ناھىيە تىيانشان يېزىسىنىڭ تۆمۈرتى كەنتىدىكى قەدىمكى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» («مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى») ناملىق مەشھۇر كىتاب تېپىلدى. بۇ كىتابنىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان نۇسخىسىغا قارىغاندا بىرقەدەر تولۇق ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. «مايترى سىمىت» نىڭ قۇمۇل نۇسخىسى 10-ئەسىر ئەتراپىدا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ دەۋر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ (850 — 1250) ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى، دىنى تازا گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. «مايترى سىمىت» نىڭ قۇمۇلدىن تېپىلىشى (گەرچە سەھنىدە ئوينالغانلىق ھەققىدە مەلۇمات بولمىسىمۇ) 10-، 13-ئەسىرلەردە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قۇمۇل يىپەك يولىنىڭ ئۆتمۈرتقىسىغا جايلاشقان قەدىمكى يۇرت بولغانلىقتىن چەت ئەللەردىن ۋە مەملىكەت ئىچىدىن ساياھەتچىلەر، سودىگەر-

لەر، ئېكسكۇرسىيىچىلەر، ھەربىي ۋە مۇلكى ئەمەلدارلار، ئەدىبلەر، شائىرلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە قۇمۇل ھەققىدە ناھايىتى كۆپ خاتىرە ۋە مەدھىيە شېئىرلىرى يېزىپ قالدۇرغان.

قۇمۇل ئارخېئولوگىيە جەھەتتە تېخى ئېچىلمىغان رايون. گېرمانىيىلىك تۈركولوگ ئۇيغۇرشۇناس گابايىن خانىم 1982-يىلى 2-قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە، «قۇمۇل رايونى بىلەن خېشى كارىدورىنىڭ ئارىلىقى تەكشۈرۈلمىگەن ئاق يەر» دېگەن. چەت ئەل تارىخشۇناسلىرى، ئارخېئولوگلىرى قۇمۇل رايونىنى تەكشۈرۈشكە قىزىققان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كەلگىنى بىرنەچچىلا كىشى بولغان. مەسىلەن: 1892-يىلى روسىيە قازان ئالىي بىلىم يۇرتى پروفېسسورى تىلشۇناس كاتانوپ كەلگەن. 1914-يىلى روسىيىلىك تۈركولوگ س. يى. مالوپ كېلىپ قۇمۇل شىۋىلىرىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلغان ۋە قۇمۇلنىڭ بىر قىسىم قوشاق، ماقال-تەمسىل، چۆچەكلىرىنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلغان. بۇ كىتاب ھازىر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ. 1928-يىلى شىۋېتسىيىلىك ئارخېئولوگ بوگمان كېلىپ قۇمۇلنىڭ يەتتە قۇدۇق، تاشار قاتارلىق جايلىرىدىكى بىر قىسىم قەدىمكى قەبرىلەرنى ئاچقان. ئارىنتام ۋە توغچىدىكى بۇگۇر كىمىر ئۆيلىرىنىڭ گۈللۈك تام سۈرەتلىرىنى سويۇپ ئېلىپ، 56 ساندۇققا قاچىلاپ، 28 تۆگىگە يۈكلەپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئەمما ھازىرغىچە بۇ ھەقتە تېخى بىرەر ماتېرىيال ئېلان قىلىنمىدى. دېمەك، بۇ ئەھۋاللارمۇ قۇمۇل رايونىنىڭ مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئوبيېكتى بولغان قەدىمكى جاي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قۇمۇلدىكى شەھەر، قىشلاق ئۇيغۇرلىرى تىنچ، خاتىرجەم بولغان كۈنلىرىدە مەخسۇس كىتاب ئوقۇش سىلسىلىرى (ئولتۇرۇشلىرى) ئۆتكۈزۈشنى ئادەت قىلىپ كەلگەن. شۇڭا قۇمۇل رايونىدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. قۇمۇلنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈگىمەس-پۈتمەس كانى دېسەك مۇبالىغە بولۇپ كەتمەيدۇ. مانا بۇلارنى قۇمۇل ئەلنەغمىلىرى (مەشرەپلىرى)، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسلار دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى ئىجتىمائىي بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت سەنئىتىنى ياراتقان. چۈنكى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدە، ھەتتا ھەرخىل ئۇرۇشلارغا ئەر-ئايال بىللە قاتناشقانلىقتىن، تەبىئىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان توي، مەشرەپتىن ئىبارەت ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگىمۇ ئەر-ئاياللار بىللە قاتنىشىدۇ. شۇڭا مەشرەپ، نەغمە، مۇقاملارنىمۇ (ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكىلارنىمۇ) ئەمگەكچان ئۇيغۇر ئەر-ئاياللىرى بىرلىكتە ياراتقان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئون ئىككى مۇقامىنىمۇ ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى ياراتقان. جۈملىدىن، قۇمۇل مۇقاملىرىنىمۇ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ياراتقان ۋە راۋاجلاندۇرغان. قۇمۇلنىڭ كەڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق يېزىلىرى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئاساسىي قورغىنى بولۇپ كەلدى. بۇ جايلاردا ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئەڭ كونا شەكىللىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. خەلق ئاممىسى ھەقىقىي قەھرىمان. پەقەت خەلق ئاممىسىلا ئۆز مەدەنىيەت-سەنئىتىنى يارىتقۇچى، راۋاجلاندۇرغۇچى، قوغداپ ساقلىغۇچىدۇر. قۇمۇل مۇقاملىرى قۇمۇل ئۇيغۇر خەلقى بىلەن تەقدىرداش بولۇپ كەلگەن. قۇمۇل خەلقى ئۆز تارىخىدا ھەرقانداق غايەت زور ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ھادىسە ۋە ئاپەتلەرگە دۇچ كەلگەندىمۇ مۇقامنى قوغداپ قالغان، مۇقامدىن ئايرىلمىغان. قۇمۇلدىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي دىياردا مۇقامغا ۋارىسلىق قىلغۇچى مۇقامچىلار، مەشرەپچىلەر تەبىئىي يوسۇندا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىز بېسىپ، مۇقامدىن ئىبارەت بۇ تەۋەررۈكنى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈرۈپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلاپ كەلدى. چۈنكى، قۇمۇل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتى قۇمۇل مۇقامى بىلەن تەبىئىي يوسۇندا زىچ باغلانغان. بۇندىن 713 يىل ئىلگىرى قۇمۇلدىن ئۆتكەن ئىتالىيىلىك مەشھۇر ساياھەتچى ماركوپولو قۇمۇل خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان كۆڭۈل ئېچىشقا ئامراق، ساز چېلىپ، ناخشا

ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرۈپ كەلگەنلىكى ھەققىدە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغان. 1984-يىلى 2-ئايدا ماركوپولونىڭ يۇرتى ۋېنىتسىيە شەھىرى ۋەكىلى ژىنچىسزو كالونىس قۇمۇلغا كېلىپ، قۇمۇل شەھەر باشلىقىغا ۋېنىتسىيە خەلقىنىڭ سالام-سوۋغىلىرىنى تەقدىم قىلىپ، 713 يىل بۇرۇن قۇمۇل خەلقىنىڭ ماركوپولونى دوستانە، قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. دېمەك، قۇمۇل خەلقى سەنئەت سۆيەر خۇسۇسىيىتى بىلەن سۇي، تاڭ، سۇڭ دەۋرلىرىگىلا ئەمەس كۆرسىتىپ قالماستىن، ياۋروپالىقلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

مۇقام ناخشا-مۇزىكا، ئۇسسۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇقامنىڭ تەرەققىياتىدا ناخشا، شېئىر، ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى بىر بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ھەمراھلاردىن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. ناخشا-مۇزىكا، ئۇسسۇل بىر بىرىدىن ئايرىلسا، بىر پۈتۈن مۇقام گەۋدىسىمۇ مەۋجۇت بولالمايدۇ. مۇقامنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ناخشا-مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشىدا ئىلگىرى-كېيىنلىك، يۇقىرى-تۆۋەنلىك بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن مۇقامنىڭ قۇرۇلما تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ...

ئۇن ئىككى مۇقام مۇزىكىسىنى ئورۇنلاشتا داپ، غىجەك، ساتار، تەمبۇر، بەرباپ (پىپا) ئەڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلىرى ھېسابلانغان. غىجەك باشقا سازلارنى باشلىغۇچى سەركەردە رولىنى ئوينىغان. كېيىنچە ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى قۇمۇل غىجىكى تاڭ دەۋرىدە چاڭئەن سەھنىلىرىدە باشلامچى ساز بولۇپ چېلىنغان ئەرخۇ (غىجەك) نىڭ دەل ئۆزى شۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە چىڭچاڭ، جىڭجۇي، پىڭجى، يۇيجۇي، يۆجۇي قاتارلىق خەنزۇچە ھەرخىل ئەنئەنىۋى تىياتىر مۇزىكىسىدا ئەرخۇ، يەنى قۇمۇل غىجىكى ئاساسلىق باشلامچى ساز بولۇپ كەلمەكتە. دېمەك، قۇمۇل غىجىكى سۇي، تاڭ، سۇڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىچىلىق تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان. قۇمۇل غىجىكى ئۇيغۇر كامالچىلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە قەدىمكى ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كەلمەكتە. مۇزىكا تەتقىقاتچىلىرى، قۇمۇل راۋابىنىمۇ قەدىمكى پىپانىڭ شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دېيىشىدۇ. قۇمۇل راۋابى قەدىمكى ئالاھىدىلىكى بىلەن پەقەت قۇمۇلدىلا ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. نۆۋەتتە قۇمۇل مۇقامى ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇن ئىككى مۇقامنى تەتقىق قىلىشتىكى بىر مەزمۇن سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ ئىشلەيدىغان مۇھىم نۇقتىلار-نىڭ بىرسى بولۇپ تۇرماقتا.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، قۇمۇل ئۇيغۇر ئۇن ئىككى مۇقامى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك ئۇن ئىككى مۇقامىدا مۇئەييەن تارىخىي ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇن ئىككى مۇقامىنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدىن بىرى. ئىككىنچىدىن، قۇمۇل ئۇن ئىككى مۇقامىنىڭ سۇي، تاڭ، سۇڭ دەۋرى مۇزىكا تەرەققىياتىغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسى بار. ئۈچىنچىدىن، قۇمۇل ئۇن ئىككى مۇقامىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ئورۇنغا ئىگە بولۇشى، ئېلىمىزنىڭ مۇزىكا تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشى تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئاساسلارغا ئىگە. قۇمۇل مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

**ئىزاھاتلار:**

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «مۇقامنىڭ تارىخىي مەنبەسى توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر» («شىنجاڭ پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى خەۋىرى»، 1989-يىلى 3-سان).

② ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن: «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ئۇن ئىككى مۇقام ھەققىدە»، 23-، 24-بەتلەر.

③ ئابدۇكېرىم راخمان: «مۇقام تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ھەققىدە تېزىس» («شىنجاڭ پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى خەۋىرى»، 1989-يىل 3-سان).

④ 2-ئىزاھاتقا ئوخشاش.

⑤ «قەدىمكى قۇمۇل مۇزىكىسى — ئېۋىرغول» (1991-يىل ئۇيغۇرچە كالىندار 9-ماي بېتىدىن ئېلىندى).

⑥ «ئېۋىرغول مۇزىكا شەجەرىسى» (1991-يىل ئۇيغۇرچە كالىندار 10-ماي بېتىدىن ئېلىندى).

⑦ 1-ئىزاھاتقا ئوخشاش.

# يارىم بەرگەن قىزىل ئالما

ئالما بەرسەم ئالامسىز؟
كۆڭلەك بەرسەم كىيەمسىز؟
مەن سىزگە سالام يازسام،
ئايدا - يىلدا كېلەمسىز؟

قىزىل گۈل بولۇپ قاپسىز،
بۇرنۇمغا پۇرارسىزمۇ؟
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
خەت يېزىپ تۇرارسىزمۇ؟

قۇرغۇي بولاي دېگەنمۇ؟
لاچىن بولاي دېگەنمۇ؟
نەچچە يىلدا بىر كېلىپ،
جاننى ئالاي دېگەنمۇ؟

ئاق ياختىدىن ئاقمىدىڭىز؟
كۆك كەپتەردىن ساقمىدىڭىز؟
راست گەپنى ئېيتىپ قوياي،
كۆڭلۈمگە ھېچ ياقمىدىڭىز.

قىزىل گۈل ئاراسىغا
تىكەنلەر ئۈنۈپ قاپتۇ.
چاقچاقلا قىلىپ قويسام،
ھال پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

بۇغدايىنى ئالا قىلغان
ئاق شويلا بىلەن لويلا،
مەن ساڭا نېمە قىلغان،
ئۇلتۇرۇپ راسا ئويلا.

تاۋار سالدىم قاتار-قاتار
غولاچىمنى كەلتۈرۈپ.
بەزىلەر گۇمان قىپتۇ
نومۇسۇمنى كەلتۈرۈپ.

گۈل شېخىدا ئولتۇرۇپ
باغدا قۇشقاچ سايرايدۇ.
كۆڭلى ياخشى يىگىت دەپ،
قىزلار ماڭا قارايدۇ.

ئېگىز ئۆگزىگە چىقىپ
شىلدىرلاتتىم غازاڭنى.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
خۇدا بەرسۇن جاجاڭنى.

بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا،
چالما ئاتسا يېتەمدۇ؟
بۇ زاماننىڭ قىزلىرى
ئۆزلىرىگە يېتەمدۇ؟

ئاق كۆڭلەكنى كىيىپسىز،
بېلىڭىزنى باغلىماي.
ئەسكىنى يار تۇتۇپسىز،
ئۆزىڭىزنى چاغلىماي.

چاچنى بەلدىن تارايمەن،
بىر ئايغىچە قارايمەن.
بىر ئايغىچە كەلمىسە،
كېچە-كۈندۈز يىغلايمەن.

ئاينىڭ ئايدىڭى سىزگە،
ئاي قاراڭغۇسى بىزگە.
سىز بىزنى يامان دەپسىز،
نېمە قىلدۇق بىز سىزگە؟

بۇلبۇل بولۇپ ئۇچايىن.
دەرىزەڭگە قونايىن.
ئايلىق ئەمەس، يىللىق ئەمەس،
ئۆمۈرلۈك يار بولايىن.

مەن ئەجەپ غېرىپ بولدۇم،
چالغىلى راۋاپ يوقمۇ؟
نەچچە قېتىم خەت يازدىم،
يازغىلى جاۋاب يوقمۇ؟

بۇلبۇلۇم قانات قاقتى
باغدىكى سۆگەتلەرگە.
يار بەرگەن قىزىل ئالما
داۋا بولدى يۈرەكلەرگە.

هاۋارەڭدىن تونلىرى،
چوڭ كوچىدا يوللىرى.
بارمايلىغۇ، كەلمەيلىغۇ،
ئاغرىدىمۇ كۆڭۈللىرى؟

يار كەتتى يىراقلارغا،
ئەمدى مەن كۆرەلمەسمەن.
ئوماق يارىم شەرۋانە،
سېنى مەن سۆيەلمەسمەن.

ئاسماندىكى بوز لاچىن
قۇرغۇي كەلسە قوغلايدۇ.
شۇكەمنىڭ جوگانلىرى
يىگىتلەرنى گوللايدۇ.

شەرىڭگە باراي دەيمەن،
كوچاڭدا يۈرەي دەيمەن.
يار دەردىنى ئويلىسام
بارمايلا قوياي دەيمەن.

ئومىنى ئوراي دېسەم،
چېچىلارمىكىن دەيمەن.
شۇ خېنىمنى بىر سۆيسەم،
ئېچىلارمىكىن دەيمەن.

ئۆتۈكۈمنىڭ پاشنىسى
ئۇزۇن يولدا چۈشۈپ قاپتۇ.
شۇ جۇۋانغا قاش ئاتسام،
مەن غېرىپقا كۆيۈپ قاپتۇ.

بىر ئېتىزدا ئېرىق بولۇر،
بىر ئېتىزدا تېرىق بولۇر.
شۇ بىۋاپا خېنىمنىڭ
چىرايلىرى سېرىق بولۇر.

ئايپاق كېچە ماڭا كۈندۈز،
قىلدىم كۈزەت ئۆزۈم يالغۇز.
ئاڭلىدىڭمۇ ناخشامنى سەن
مېهرىبانىم قارا كۆز؟

مېهرىبانىم قارا كۆز،
ئاڭلىدىڭمۇ ناخشامنى؟
تەڭ ئۆتكۈزسەڭ نېمە بولۇر
كۆڭۈللۈك بىر ئاخشامنى.

ياناي دېسەم يول خەتەر،
ماڭسام تېخى باش كېتەر.
قالدىم ئارادا تەڭلىكتە،
قانداق قىلسام ئىش پۈتەر؟

بۇ چىنار ئېگىز چىنار؟
چىقما خېنىم پۇتۇڭ سۇنار.
ئىككى يار تۇتقان خېنىمنىڭ
بىر كۈنى بويىنى سۇنار.

سەھەر چىقىپ ئۆستەڭگە
كۆردۈم سېنى يىراقتىن.
كىملىكىڭنى بىلەي دەپ
ئەگىپ ئۆتتۈم بۇلاقتىن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: هامۇت ئاخۇن
توپلىغۇچى: ئۆمەر هامىدى

# نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

تۈركچىدىن ۋاھىتجان ئوسمان تەرجىمىسى

## قىستا يولدىن كەلگەن بالا

ئەپەندىم ئايالى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر خوتۇن بىلەن توي قىپتۇ. ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەي بۇ خوتۇنى بىر بالا تۇغۇپتۇ. بۇنىڭدىن ھاڭ-تاڭ بولغان ئەپەندىم دەرھال بازارغا بېرىپ دۈۋەت، قەلەم قاتار-لىقلارنى ئېلىپ كېلىپ بالىنىڭ بوغچىسىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇپتۇ. شۇ ئەسنادا تۇغۇتلۇق ئايالنى يوقلاپ كەلگەن مەزلۇملاردىن بىرسى ئەپەندىم-دىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئەپەندىم:

— سىلەر بىلمىدىڭلارمۇ؟ توققۇز ئايلىق يولنى نەچچە كۈندە بېسىپ كەلگەن بالا، يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەكتەپكە بارىدۇ-دە، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## ئۆزىدىن سورايمەن

بىر كۈنى ئايالى ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئۆلىدىغان ئادەمنى قەيەردىن بىلىسىز؟

— ئۆزىدىن سورايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

## بىرگە ياشىماققا رايىم يوق

نەسىردىن ئەپەندىم خوتۇنى بىلەن ئاجراشماق بولۇپ مەھكىمىگە ئەرز سۇنۇپتۇ. قازى ئەپەندىمدىن ئايالىنىڭ ئىسمىنى سوراپتۇ. ئەپەندىم:

— ئىسمىنى ئۇقمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قازى:

— سىلەر ئۆي تۇتقىلى قانچە يىل بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىرىق يىل بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— قىرىق يىل بىر ئۆيدە ياشاپ ئىسمىنى بىلمىگەنلىرى نېمىسى؟ — دەپتۇ قازى. ئەپەندىم:

— نېمە چارە، بىرگە ياشاشقا رايىم بولمىغاچقا ئىسمىنى سوراپمۇ باقماپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## لايىق جاۋاب

بىرسى نەسىردىن ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە زەيتۇن شېخىنى يەتكۈزۈپ بەرگەن كەپتەر چىشى-مۇ-ئەركەكمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئەركەك، ئەگەر چىشى بولسا تۇمشۇقىنى ئۇنداق ئۇزۇن يۇمۇپ تۇرالمىغان بولاتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نەسىردىن ئەپەندىم.

## پېدىگەن نېمە

ئەپەندىمنىڭ بەش-ئالتە ياشلاردىكى بىر ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئەپەندىم پېدىگەننى كۆرسىتىپ:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوغلى:

— كۆزى ئېچىلمىغان تورغاي بالىسى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئەپەندىم ياقىسىنى تۇتۇپ:

— خۇدا ھەققى، دوستلار، بۇ سۆزنى مەن ھېچكىمگە دېمەيمەن، ئوغلۇم بەلكىم ئەقىللىقتۇر. ئۇنى ئۆز ئەقلى بىلەن تاپتى ئەمەسمۇ، — دەپتۇ.

# دۇنيانى سۇ ئاستىدىن يارانقۇچىلار ——
# ئەپسانە دەۋرىدىكى ئىرلارنىڭ يارىتىشى

ئالان داندىس (ئامېرىكا)

ئارسلان ئابدۇللا تەرجىمىسى

ئالان داندىس 1934-يىلى 9-ئاينىڭ 8-كۈنى ئامېرىكىنىڭ نيۇ-يورك شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1958-يىلى يىرۇ داشۆسىنىڭ ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتىدا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1960-يىلى بوكرىيە داشۆسىدە ئانتروپولوگىيە ۋە فولكلور كەسپلىرى بويىچە پروفېسسور بولغان، 1962-يىلى ئىندىئانا داشۆسىنىڭ فولكلور كەسپىدە بەلسەپە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ھەم 1962-يىلى 2-دەرىجىلىك، 1976-يىلى 1-دەرىجىلىك چىكاگو فولكلور مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ 1980-يىلدىن باشلاپ ئامېرىكا فولكلور ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئامېرىكا فولكلورچىلار كېڭەشىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلمەكتە. ئۇ ئامېرىكا فولكلور ساھەسىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قازانغان ۋە تەسىرى ناھايىتى چوڭ مەشھۇر ئالىم بولۇپ، 150 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

ئالان داندىس 1990-يىلى 5-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە جۇڭگودا ئىلمىي زىيارەتتە بولدى. ئۇ جۇڭگو فولكلور ساھەسىنىڭ ئاتاقلىق پېشۋاسى جۇڭ جىڭۋېن ئەپەندى قاتارلىق ئالىملار بىلەن كۆرۈشتى ھەم سۆھبەتلەشتى. جۇڭ جىڭۋېن ئەپەندى ئۇزىنىڭ قارشى ئېلىش نۇتقىدا، پروفېسسور ئالان داندىسنىڭ ئامېرىكا مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ۋە فولكلورىنىڭ پېشۋاسى بوئاسنىڭ ۋارىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن فولكلور ھەققىدىكى پىششىق تەتقىقاتى، فرۇئىدنىڭ ئانالىزى تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور تۆھپىلىرىگە يۈكسەك باھا بەردى ۋە پائال تۈردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خەلقئارالىق ئىلمىي ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ چەك-چېگرىسىز ئىكەنلىكىنى، 40-يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا بوئاسنىڭ ئەپسانە تەتقىقاتى جەھەتتىكى نەزەرىيىلىرى ئەينى ۋاقىتلاردا شەكىللىنىۋاتقان جۇڭگو فولكلور ئىلمىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئامېرىكا فولكلور نەزەرىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ «توپاندىن كېيىنكى ئاكا-سىڭىلنىڭ توي قىلىپ، ئىنسانىيەتنى يارىتىشى ھەققىدە ئەپسانە» ناملىق يېقىندا يازغان ئەسىرىنى مىسالغا ئېلىپ، ئامېرىكا فولكلور نەزەرىيىلىرى، جۈملىدىن داندىسنىڭ كۆزقاراشلىرىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇش ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈردى ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ مۇشۇنداق ئىلمىي نەتىجىلىرى ئۆز رولىنى چېگرا ئاتلاپ جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئالان داندىسنىڭ فولكلور تەتقىقاتىدىكى ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلىرى:

1. 19-ئەسىردىن بۇيانقى فولكلور تەرەققىياتى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، فولكلوردىكى ئېگىزلىك ئۇقۇم «خەلق» ياكى «فولك» نىڭ تەبىرى مىللەتنىڭ ئىبارەت ئورتاق گەۋدىگە ياكى ئوخشاش دىنىي ئېتىقاد، ئوخشاش كەسىپكە ئىگە خەلققە ۋە ياكى كىچىكرەك دائىرىدىكى بىرەر مەھەللە-كەنت كىشىلىرىگە قارىتىلىدۇ. ئىلگىرى «خەلق» نىڭ چەك-چېگرىسى بەكمۇ تار دائىرىدە يەقەت «دېھقان» بىلەنلا چەكلەنگەن. بۇ، ئالىملىرىمىزنىڭ خەلقنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە يۇقىرىراق باسقۇچتا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

2. ئەپسانىلەر فولكلورنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئاغزاكى ۋارىسلىق قىلىدىغان قىسمى بولۇپ، مىللىي مەدەنىيەت مەنىۋىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بوئاس ئەپسانىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلغان. بىراق داندىس ئەپسانىلەر كۆپىنچە پسخىك ئەمەلىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دەپ قارىغان.

3. فولك ھادىسىلىرىگە ئائىت ماتېرىياللارنىڭ مەنبەسى دالا تەجرىبىلىرى بولۇپ، مىللەتنىڭ «ئىچكى» ۋە

« تاشقى » قىسمىدىكى كىشىلەرنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەمكارلىشىشى ئارقىلىقلا « ھەقىقىي » فولك ماتېرىياللىرىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. 4. بۇنداق فولك ماتېرىياللىرىنى كۆزىتىش بىلەن بىللە، مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىت ماتېرىياللىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. 5. نىسبەتلەشتۈرۈپ ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ فولك مەدەنىيىتى فولك مەدەنىيىتىنىڭ گۈزەللىكى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. 6. فولكلور تەتقىقاتىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە مېتودى خۇسۇسىدا ئۇ، سېلىشتۇرما ئۇسۇلنىڭ ئوخشىمايدىغان تېكىستلارنىڭ ۋارىيانتلىرىنى بېكىتىش جەھەتتىكى رولى ھەم ئەھمىيىتىنى، قۇرۇلمىچىلىك (ستۇرۇكتۇرالىزىم) ئۇسۇلىنىڭ چۆچەكلەرنىڭ مەنبەسىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى رولى ھەم ئەھمىيىتىنى، پسىخىكا ئانالىزى ئۇسۇلىنىڭ فولك ھادىسىلىرىنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنى دەلىللەش جەھەتتىكى رولى ھەم ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. 7. ھازىرقى جەمئىيەتتە يېڭى سانائەت تېخنىكىسى ۋە ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشى قاتارلىقلار خەلقنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى يوقىتالمايلا قالماي، يەنە يېڭى ئۆرپ-ئادەتلەرنى پەيدا قىلماقتا دېگەنلەردىن ئىبارەت.

ئەپسانە تەتقىقاتىدىكى جوڭچە ① ئۇسۇل بىلەن فرېئۇدچە ② ئۇسۇلنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. سىز جوڭنىڭ نەزەرىيىسىگە قوشۇلىسىڭىزمۇ، شۇنداقلا فرېئۇدنىڭ نەزەرىيىسىنى قۇۋۋەتلىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ نەزەرىيىلىرىدىكى روشەن پەرقلەرنىمۇ كۆرۈشىڭىز كېرەك. جوڭ تەلىماتىنىڭ ياقلىغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيىسىنى « ئانالىتىك پسىخولوگىيە » دەپ ئاتىشىپ، ئۇنى فرېئۇد تەلىماتىدىن پەرقلەندۈرمەكچى بولۇشىدۇ. فرېئۇد تەلىماتىنىڭ ياقلىغۇچىلىرى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيىسىنى « روھىي ئانالىزچىلىق » دەپ كۆز-كۆز قىلىشىدۇ. خۇددى ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ھېلىقى بىرنەچچە پارچە ماقالىدە قەيت قىلىنغاندەك، جوڭ نەزەرىيىسىدە ئاۋۋالقى مەدەنىيەت، يەنى يۈتكۈل ئىنسانىيەت پروتوتىپىنىڭ مەۋجۇتلۇقى قىياس قىلىنىپ، بۇ پروتوتىپنىڭ ئەپسانە قاتارلىق مەنىۋى ھادىسىلەردە ئىپادىلىنىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. جوڭنىڭ پروتوتىپنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئېتىراپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى قانداق قىلىپ مەدەنىيەت نىسپىيەت نەزەرىيىسىدىن ③ ئىبارەت بۇ ئانتروپولوگىيە پرىنسىپى بىلەن بىرلەشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. ئەكسىچە، فرېئۇدنىڭ نەزەرىيىسىنى بۇ پرىنسىپ بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

فرېئۇدنىڭ نەزەرىيىسى بويىچە، بوۋاقلىق ۋە باللىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى شارائىتى (ئاتا-ئانا بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ) بىلەن قۇرامىغا يەتكەن ئادەمنىڭ پروېكسىيە ④ سىستېمىسى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەت ئېھتىمال سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋەت بولۇشىمۇ ياكى بىرخىل ئۆزئارا مۇناسىۋەتتىنلا ئىبارەت بولۇشىمۇ مۇمكىن. دەسلەپكى بوۋاقلىق دەۋرى ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەتتە ئېھتىمال ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك، قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ پروېكسىيە سىستېمىلىرى، شۇنداقلا ئەپسانىلەرمۇ پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. فرېئۇد نەزەرىيىسىدىكى سىمۋول، كۆچۈم، يىغىمچانلىق، پروېكسىيە قاتارلىق ئۇقۇملار ئېھتىمال ھەرخىل

---

① كارل گاۋستاۋ جوڭ: شۋېتسارىيە پسىخولوگى، ئانالىتىك پسىخولوگىيىنىڭ ئىجاتچىسى. (ت)

② سىگمۇند فرېئۇد (1856 ـ 1939): ئاۋستىرىيە پسىخولوگى، روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى ۋە روھىي ئانالىز تەلىماتىنىڭ ئىجاتچىسى. (ت)

③ مەدەنىيەت نىسپىيەت نەزەرىيىسى: مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زامان ھەم ماكاننىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تەلىمات. (ت)

④ پروېكسىيە: مۇئەييەن بوشلۇقتىكى شەيئىلەرنىڭ تەكشىلىكتىكى ئەكسى ياكى تەسۋىرى. (ت)

مەدەنىيەتتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى مۇمكىن، لېكىن بەزىبىر ئالاھىدە سىمۋول ۋە ئۆزگىچە پروپېكسىيلەر مەدەنىيەت نىسپىيلىكىگە ئىگە. جوڭنىڭ پروتوتىپى ئۇنىڭ ئۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ھەرگىزمۇ پۈتۈنلەي بىلگىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئەمما فرېئۇدنىڭ مۇئەييەن بىر مەدەنىيەتتە بوۋاقلىق دەۋرىنىڭ چەكلىمىسى (سۈتتىن چىقىرىش، چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىشنى ئۆگىتىش قاتارلىقلار) بىلەن قورامىغا يەتكەن كىشىنىڭ پروپېكسىيىسى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاش ھالەتلىك ھادىسىلەر ياكى روھىي تەگىپۇگلۇق بولىدۇ دېگەن پەرىزىنى تەجرىبە ئارقىلىق تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىردەكلىك بولۇشىمۇ، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن.

ئەپسانىلەردىكى ئانالىتىك ھالەتلەر ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئومۇمىيلىق نەزەرىيىسى بىلەن مەدەنىيەت نىسپىيەت نەزەرىيىسىدىن بىرنى تاللىۋېلىش مەسىلىسى ئەمەس. ئاتالمىش دۇنياۋى ئەپسانە، يەنى يەر يۈزىدىكى ھەممە مىللەت ئارىسىدىن تېپىلىدىغان ئەپسانىلەر مەۋجۇد ئەمەس. ھەتتا ناھايىتى كەڭ تارقالغان توپان ئەپسانىسىمۇ ئافرىقا سەھراسىدا تېخىچە بايقالمىغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېچقانداق بىر ئەپسانە مۇئەييەن بىر مەدەنىيەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق. ئەكسىچە، كۆپىنچە ئەپسانىلەر مۇناسىۋەتلىك مىللەتلەر ئارىسىدا تەڭلا مەۋجۇد بولۇپ كەلمەكتە. سىز جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ ئەپسانىسى، شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ ئەپسانىسى (بەزى ئەپسانىلەر جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكىغا ئورتاق)، ئافرىقىلىقلارنىڭ ئەپسانىسى، ھىندى-ياۋروپالىقلارنىڭ ئەپسانىسى دېگەندەك ئۇقۇملارنى چىقارسىڭىز بولىدۇ. بىراق، ئەپسانىلەر دۇنياۋى بولمىغان ئىكەن، ئۇنداقتا ئومۇمىيلىق نەزەرىيىسىنىڭ ياقلىغۇچىلىرى بەزى ئەپسانىلەرنىڭ بەزى مىللەتلەردە بولماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىشى كېرەك. مۇبادا پروتوتىپ تەبىئىي بولسا، يەنە كېلىپ «ئىرسىيەتلىك» بولسا، ئوخشاش ئەپسانىلەر نېمە ئۈچۈن بارلىق مەدەنىيەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپمايدۇ؟

ئەگەر فرېئۇدنىڭ نەزەرىيىسى يۈت تىرەپ تۇرالايدۇ دېيىلسە، سىز ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەتلەردە ئىپادىلەنگەن ئوخشاش ئەپسانىلەرنى قانداق قىلىپ ئۇنىڭ نەزەرىيىسى بىلەن چۈشەندۈرەلەيسىز؟ ئەگەر ئەپسانە بوۋاقلىق دەۋرىنىڭ تەسەۋۋۇرى دەپ قارالسا، ئۇ، ئوخشاش ئەپسانىلەرگە ئىگە مەدەنىيەتلەر مۇقەررەر يوسۇندا بوۋاقلىق دەۋرىنىڭ چەكلىمىسىدىن ئىبارەت ئوخشاش ھەم مۇھىم شەكىللىنىش ئامىللىرىغا ئىگە بولۇشى كېرەك دېگەندىن دېرەك بېرەمدۇ-قاندىق؟

شىمالىي ئامېرىكىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئارىسىدا ھەممىدىن كەڭ تارقالغان ئەپسانە تېپىلىرىنىڭ بىرى دۇنيا سۇ ئاستىدىن ئېلىپ چىقىلغان تۇپراقتىن يارىتىلغان دېگەن ئەپسانىدۇر. بۇ نۇقتا ئانىنا بوگىنتابوسنىڭ سىلىشتۇرما تەتقىقاتىدىمۇ قەيت قىلىنغان. بىراق، سۇغا كىرىپ دۇنيانى ياراتقۇچىنىڭ ئوبرازى ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپادىمۇ ئۇچرايدۇ، ئەمما، ئافرىقا ۋە ئاۋستىرالىيەدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئارىسىدا بۇ ئەپسانە يوق. ماقالەمدە نەقىل كەلتۈرمىگەن، دۇنيا سۇ ئاستىدىكى تۇپراق بىلەن يارىتىلغانلىقى توغرىسىدىكى باشقا ئىلمىي ئەسەرلەر بىلەن تونۇشماقچى بولسىڭىز، تۆۋەندىكى ئەسەرلەرنى كۆرۈڭ: ھ. د. چارېنسېي «دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە رىۋايەت» (خارۋارت، 1884)، س. چ. مىترا «بىرمورلارنىڭ كائىنات توغرىسىدىكى ئەپسانىلىرى ۋە سانتاللار ھەم ئامېرىكا ئىندىئانلىرى ئارىسىدىكى مۇشۇ خىل ئەپسانىلەر ھەققىدە» («بومباي ئانتروپولوگىيە جەمئىيىتى ژۇرنىلى»، 14-سان، 1929-يىلى، 468—

478-بەت) ، ۋولك « ئىپتىدائىي ئوكيان ۋە كەلكۈننىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى ئەپسانىلەردىكى سۇغا كىرىش تېمىسىنىڭ تارقىلىشى » (« ۋېنا ئانتروپولوگىيە جەمئىيىتىنىڭ دوكلاتى » ، 63-سان ، 1933-يىلى ، 60— 76--بەت) ، ۋىلھېلم سىمىدت « شىمالىي ئامېرىكا ، ئاسىيا ۋە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ،ئەپسانىلەردىكى سۇغا كىرىش تېمىسى نوغرىسىدا » (« تىلشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە بايانلار » ، پارىژ ، 1977-يىلى ، 111— 122-بەت) ، مىرشاد ئېلىياد « ئاسىيا ئەپسانىلىرى ۋە شەرقىي-جەنۇبىي ياۋروپا رىۋايەتلىرى ، بىرىنچى قىسمى ، دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىكى توپىدىن يارالغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر » (« دىن تارىخى ھەققىدە ئوبزور » ، 160-سان ، 1961-يىلى ، 157—212-بەت) .

فرېئۇدنىڭ ئەپسانە تەتقىقاتىدىكى باشقا نەتىجىلىرى بىلەن تونۇشماقچى بولسىڭىز ، تۆۋەندىكى ئەسەرلەرنى كۆرۈڭ : گېزا روھېم « جۇش بوسۇغىسى » (نيۇ-يورك ، 1952-يىلى) ، فىلىپ سىلېيتېر « ھېرانىڭ شاراپىتى » (بوستون ، 1968-يىلى) . كۆپىنچە پسىخىكا ئانالىزچىلار ئەپسانە تەتقىقاتىنى كلاسسىك ئەپسانىلەر ياكى ئىنجىل بىلەن چەكلەپ قويۇشقا مايىللىشىدۇ . ئەگەر ئەپسانە تەتقىقاتىدا كەڭ تارقالغان روھىي ئانالىزچىلىققا دائىر ھۆججەتلەر بىلەن تونۇشماقچى بولسىڭىز ، تۆۋەندىكى ئەسەرلەرنى كۆرۈڭ : جۇستىن گلېن « كلاسسىك ئەپسانىلەر ۋە دىن توغرىسىدىكى روھىي ئانالىز ئەسەرلىرى » (1909— 1960) ۋە « قەدىمكى دۇنيا » (1970— 1976) . ئالېكساندېر گرىنستېيىننىڭ « روھىي ئانالىزچىلىققا دائىر ئەسەرلەر كاتولوگى » ناملىق كۆپ توملۇق ئەسىرى (نيۇ-يورك ، 1950-يىلى) .

كۆپىنچە ئانتروپولوگلار (ئىنسانشۇناسلار) ئەپسانە تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن نارازى . لېۋى ستراۋس « نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا ، ئەپسانە تەتقىقاتى يەنىلا 50-يىللاردىن بۇرۇنقى ھالەتتە بولۇپ ، ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمايۋاتىدۇ ، يەنى تولىمۇ (ئوسال) ھالەتتە تۇرىۋاتىدۇ » دەپ قارايدۇ . گەرچە ھەممىلا ئادەم بۇنداق ئۈمىدسىز قاراشتا بولمىسىمۇ ، كىشىلەر ئومۇمەن ، يەنىلا مەدەنىيەتتە ئەپسانىلەرنىڭ شەكىللىنىش ۋە تارقىلىش جەريانى ھەم رولىنى چۈشەندۈرۈش قانائەتلىنەرلىك جەھەتلەردە يەنىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك ، دەپ قاراشماقتا .

ئانتروپولوگلارنىڭ ئەپسانە تەتقىقاتىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ، ئېھتىمال بۇ خىل تەتقىقات مۇنداق ئىككى خىل پرىنسىپقا بېقىنىپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك ، يەنى ئەپسانىلەرنى سۆز مەنىسى بويىچە چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئايرىم-ئايرىم مەدەنىيەت مۇھىتىدا تەتقىق قىلىش . كۆپىنچە ئانتروپولوگلار ئەپسانىلەرنى سۆز مەنىسى بويىچە چۈشىنىشتە چىڭ تۇرۇپ ، ئۇنى سىمۋوللاشتۇرۇپ ئىزاھلاشقا قارشى تۇرىدۇ ، شۇنداقلا مەدەنىيەت نىسپىيەت نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ ، مەدەنىيەت ئالمىشىشىنىڭ ئومۇمىيلىقىغا قارشى تۇرىدۇ . مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، بۇ ، 19-ئەسىر ئىدېئولوگىيىسىگە قىلىنغان قايتا ھۇجۇمنىڭ داۋامىدۇر . 19-ئەسىرنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدە ئەپسانىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك سىمۋوللاشتۇرۇلۇشى ھەممىشە بەس-مۇنازىرە قوزغاپ تۇرىدىغان تېما ئىدى ، يەنە كېلىپ بۇ ، ئانتروپولوگىيە تارىخىدىكى ئىمتىيازلىق ئىككى ئەرباب — بوئېس بىلەن مارىنوۋسكى تەسىرىنىڭ بىۋاسىتە مەھسۇلى ئىدى . بۇ ئىككى پېشىۋا مۇئەييەن بىر مەدەنىيەتنى . تېخىمۇ چوڭقۇر بىر نۇقتىدىن ئالغاندا ، ئەپسانە ماھىيەت جەھەتتىن سىمۋوللۇق بولمايدۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلغانىدى . بوئېس ھەممىشە ئەپسانە مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسى ، ئۇ جۈپ-جۈپى بىلەن

باغلىنىدىغان ئەسلىلەردىن دېرەك بېرىدۇ، دەيتتى. مۇشۇ نۇقتىنىنەزەر بويىچە، مۇئەييەن بىر مەدەنىيەتكە تەۋە ئەپسانە ماتېرىياللىرى ئارىسىدىن ساپ تەسۋىر خاراكتېرىدىكى مىللەت تەزكىرىسى ماتېرىياللىرىنى ناھايىتى ئاسانلا ئايلاپ چىققىلى بولىدۇ. مارىنوۋسكى مۇشۇ لىنىيە بويىچە ئۆز مۇلاھىزىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «ئەگەر تەتقىقاتنى جانلىق ئېلىپ بارساق، ئەپسانىلەر ئۆز سيوژىتىنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىسى بولماستىن، بەلكى بىۋاسىتە ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز» دېگەن ئىدى. ئەپسانىنىڭ مەدەنىيەتتە ئەكس ئەتكەن شەيئى ئىكەنلىكىنى، بۇ قاراشنىڭ ناھايىتى توغرا ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. بوئېس بىلەن مارىنوۋسكىنىڭ پاكىتلىق تەتقىقاتى بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىراق، ناھايىتى مۇكەممەل دەپ قارالغان ئۇسۇللارنىڭ كۆپىنچىسى قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگىنىدەك، ئۇمۇ ھەممىلا مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشكە قادىر بولالمىدى. ئالايلۇق، بوئېس تەلىماتىنىڭ ياقىلغۇچىلىرى ئەپسانىلەردىن ئېرىشكەن ئىرق تارىخى ۋە ئىرقشۇناسلىققا دائىر ئادەتتىكى تەسۋىر خاراكتېرلىك رەسىملەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ناھايىتى زور زىددىيەتلەرنى يېشىپ بەرگەن. رۇس بېنېدىكت ئۆزىنىڭ «زۇنىلار ئەپسانىسى» ناملىق مۇھىم ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە خەلق ئىجادىيىتىدىكى غايىۋىلىك ۋە مۇۋازىنەتلىك خاھىشى ئۈستىدە توختالغان. يېقىندا كاسىرىن سىپېنسېر ئىرقشۇناسلىق تەسۋىرى بىلەن ئەپسانە تەسۋىرىدىكى ئوخشاشلىقلار ۋە زىددىيەتلىك تەرەپلەرنى سېلىشتۇرۇپ، ئىرقشۇناسلىققا زىت كېلىدىغان خەلق ئىجادىيىتى تەتقىقات ماتېرىياللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى «تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەندىن كۆرە پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرسە تېخىمۇ مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن» لىكىنى كۆرسەتتى. لېكىن، ئانتروپولوگلار پسىخولوگلارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئىشەنمەسلىككە مايىللىشىپ كەتكەچكە، ئەپسانىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ تېخىچىلا سۆز مەنىسى بويىچە چۈشىنىشتىن سىمۋوللۇق چۈشىنىشكە ئۆزگەرگىنى يوق. لېكىن، ئەپسانە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسى دەل ئىنسانشۇناس پسىخولوگلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىقاتلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭىچە كۆزقاراشلار كېيىن يەتكەن. ئانتروپولوگلار ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىنى (مەسىلەن، ئەپسانە قاتارلىقلار) تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى قۇرۇلمىسىنى چۈشىنىش زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتكەندە، ئۆزلىرىنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئەپسانىلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەزمۇنىنى چۈشىنىشكە ئۆزگەرتىپلا قالماي، ئەپسانىلەردىكى ئومۇمىيلىقنى بايقاشقىمۇ ئۆزگەرتىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. چۈنكى، پسىخولوگىيىنى ئەپسانە تەتقىقاتىغا تەدبىقلاشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار. فرېئودمۇ بۇنىڭدىن كۆپ سۆيۈنگەن. فرېئود 1900-يىلى ئوپپېنھېمغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: «بىز روھىي كېسەللىكلەرنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىمىزنى ئەپسانىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت بۇ سىرنى ئېچىشقا قارىتىشىمىز مۇمكىن. بۇ پىكىر مېنىڭ كاللامدا پەيدا بولغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولدى...». لېكىن، فرېئود ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرى كارل ئابراھام بىلەن ئوتتو رانكنىڭ خىزمەتلىرىدىن مەمنۇن بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە شاگىرتلىرىنىڭ ئەپسانەشۇناسلىقنىڭ ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكارلىرىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ ئوپپېنھېمغا يازغان ھېلىقى خېتىدە يەنە: «بىزنىڭ ئىلىم جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىمىز يېتەرلىك ئەمەسكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماتېرىياللارغىمۇ پىششىق ئەمەسكەنمىز» دەپ ئىزاھات بەرگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ھەم ماتېرىياللارنى پىششىق ئىگىلىگەن كىشىلەر ئەكسىچە پسىخىكا ئانالىزىغا قىزىقمايدۇ. بۇ

ھەقتە كۆپ سۆزلىمەي، پەقەت بىرلا مىسال كەلتۈرەي: ليۇئىس سىپېنس ئۆزىنىڭ «ئەپسانەشۇناسلىقتا مۇقەددىمە» ناملىق ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە: «فرېئۇد ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ دىن توغرىسىدىكى ۋە ئەپسانىلەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى نەزەرىيىلىرى تېخىچىلا كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىيالمىدى. پېقىرنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭ سەۋەبى، مۇشۇ نەزەرىيىلەرنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن دېيەرلىك ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىنمايدىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر» دېگەن. كىشىلەر تەرىپىدىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىنمايدىغان بۇ نەزەرىيە زادى قانداق نەزەرىيە؟ فرېئۇد مۇنداق دەپ يازغان: «ئەمەلىيەتتە، مەن كۆپ ساندىكى ئەپسانىۋى دۇنيا قاراشلىرىنىڭ باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى روھىي ھالەتنىڭ تاشقى دۇنياغا پروپېكسىيلىنىشى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. كۆپىنچە ئەپسانىۋى دۇنيا قاراشلار ھازىرقى زامان دىنلىرىغا سىڭىپ كەتكەن. پىسخىك ئامىللار ۋە ئاڭسىز باغلىنىشتا بولغان گۇڭگا تۇيغۇ (ئىچكى روھىي ھالەت سېزىمى) تەجرىبىدىن ھالقىغان رېئاللىقنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى بىر مودېل دەپ قارالدى، تەجرىبىدىن ھالقىغان بۇنداق رېئاللىق ئىلىم تەرىپىدىن ھامان باشقىدىن ئاڭسىزلىق پىسخىكىسىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلىدۇ». ئىپتىدائىي ئەپسانە تەتقىقاتىدىن سۆيۈنىدىغان ئانتروپولوگلار ئۈچۈن كېرەكلىك بولغىنى باشقا نەرسىلەر بولماستىن، دەل مۇشۇ كۆز قاراش بولۇشى مۇمكىن.

لېكىن، ئەپسانىلەرنى پىسخىكا ئانالىزى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشتە نەزەرىيە جەھەتتىن يەنىلا ناھايىتى زور قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىمىز. بۇنداق قىيىنچىلىق تۆۋەندىكى ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ: پىسخىكا ئانالىزچىلىق نەزەرىيىسى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئۇسۇلغا تەدبىقلىنىشى مۇمكىن: ئېھتىمال، ئەپسانىلەر مۇئەييەن بىر ئەپسانە ياراتقۇچىسىغا بولغان تونۇش بويىچە ئانالىز قىلىنىشى مۇمكىن، ياكى ئەپسانىلەر ئېھتىمال بۇنداق تونۇشسىز ئانالىز قىلىنىشى مۇمكىن. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى ئوخشاش بولامدۇ-يوق، ياكى ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىككىنچى خىل ئۇسۇل بىلەن بىرىنچى خىل ئۇسۇل ئوخشاش ئۈنۈم بېرەمدۇ-يوق، بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ.

ئەگەر، ئىنسانشۇناسلىق ئۇسۇلى بويىچە خۇلاسە چىقارساق، مەسىلە مۇئەييەن بىر چۈش كۆرگۈچىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ چۈشىنى ئانالىز قىلىشقا بولامدۇ؟ دېگەن نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ. ئەگەر ئانتروپولوگىيە نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك، مەسىلە مەلۇم بىر ئەپسانىنى ياراتقان مەدەنىيەتنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، شۇ ئەپسانىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشكە بولامدۇ؟ دېگەن نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق بىر پىسخىكا ئانالىزچىسى ئالدى بىلەن چۈش كۆرگۈچى ياكى ئەپسانە ئىجادچىسىنى تەھلىل قىلىپ، ئاندىن چۈش ياكى ئەپسانىنى توغرا چۈشەندۈرۈشنى خالايدۇ. بۇ ئابدىڭلىشىپ بولغان ئىش. شۇنداقلا، ئەپسانىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە پىسخىكا ئانالىزچىلىقنى قوللىنىشقا خۇشتار ئانتروپولوگلارمۇ ئەپسانىلەرنىڭ ئاشكارە مەزمۇنى ۋە يوشۇرۇن مەزمۇننى مۇئەييەن بىر مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن باغلاشنى خالايدۇ. بىراق، بۇ يەنە بىر مۇھىم مەسىلىنى، يەنى ئەپسانىلەر رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرەمدۇ، ئۆتمۈشنىمۇ؟ ياكى ھەر ئىككىسىنى ئەكس ئەتتۈرەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەنئەنىۋى ئەپسانىلەر ناھايىتى قەدىمىي بولسىمۇ، بەزى ئانتروپولوگلار ئەپسانىلەرنى يەنىلا پۈتۈنلەي دېگۈدەك رېئاللىق ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق ئانتروپولوگلارنىڭ بۇنىڭغا قارىتا كۆڭلىدە سان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ھازىرقى مەدەنىيەتتىكى ئەپسانىلەر ئارقىلىق ھازىرقى مەدەنىيەتنى تەھلىل قىلىشىدۇ. ئالايلۇق، كاردىنېرنىڭ ئېتنوگرافىيە نەزەرىيىسىدە مۇشۇنداق خاھىش ئىپادىلەنگەن.

ماركىسالارنىڭ خەلق ئىجادىيىتىدىكى ئاياللار ئەپسانىسى ئۈستىدە توختالغانىدا كاردىنېر مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ: «بۇ ئەپسانىلەر بەزى شەخسلەر تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بىر ئوبلاشتىن يۈرۈپ ئىككىنچىسىگە كۆچۈش داۋامىدا كۆپ قېتىم ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەپسانىلەردىكى بىردەكلىكلەر ئەينى بىر مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى بارلىق شەخسلەرنىڭ ئورتاق تەجرىبىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى بۇ تەجرىبىلەرنى ئېسىگە ئالالمايدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ھازىر يەنىلا ئۇنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە.» كاردىنېرنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە ئېيتقاندا، ئەپسانە رىئاللىقنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. روھىي كاردىنېرنىڭ كۆز قارىشىغا قارىتا بەس-مۇنازىرە قوزغاشتىن بۇرۇن مۇنداق بىر يەكۈن چىقارغان: «كاردىنېرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ھامان ھازىرقى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئاڭسىز رەۋىشتىكى كۆرەش-توقۇنۇشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. چۈنكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ئىجتىمائىي ھادىسىلەر كىشىلەرگە مەجبۇرىي تاڭغان بېسىمدىن شەكىللەنگەنمىش. ئۇنىڭ ۋە فرېئۇد، رېيك ھەم مېنىڭ كۆز قارىشىمدا روشەن سېلىشتۇرما شەكىللەندى. ئۇ، ئەپسانىلەر ئۆۋا ئۆتمۈشنى ئەمەس، بەلكى ھازىرنى ئىپادىلەيدۇ دەپ قارايدۇ».

فولكلور بىلىملىرىدىن ئېرىشكىلى بولىدىغان پاكىتلار ئاغزاكى بايان ئەسەرلىرى ناھايىتى روشەن تۇراقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەپسانە ۋە چۆچەكلەر باشقا-باشقا ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن چىقسىمۇ، يەنە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا بىرقانچە ئەۋلاد كىشىلەر ئۆتسىمۇ، ئوخشاش بىر مەدەنىيەت مۇھىتىدا قايتىدىن توپلانغان ئەپسانە ۋە چۆچەكلەرنىڭ قۇرۇلما ھەم تەپسىلاتلىرىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوخشاشلىقلار ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ھازىرقى زامان ئەپسانىلىرىنى ئەزەلدىن سافىت قىلىساق (چۈنكى ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى يەنىلا داۋاملاشماقتا)، دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەردە يۈز يىللاردىن بۇيان تۈپكى ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ ناھايىتى ياخشى بىر دەلىل. مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتقاندا، مەلۇم بىر مەدەنىيەتتە ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان دۇنيا ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ئارقىلىق بۈگۈنكى مەدەنىيەتنى تەھلىل قىلساق، ئۇنىڭ بىردىلىشى ناتايىن. دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى بۇ ئەپسانىلەر ئېھتىمال تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋرلەردىلا پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. ۋاقىت ئامىللىرى ئەزەلدىن سافىت قىلىنغان ئىنسان مۇناسىۋەتلىرى رايونىنىڭ ئارخىپخانىسى ھاۋالە قىلغان بىر قىممەتلىك مەدەنىيەتتىن ھالقىغان تەتقىقات پىلانىدا كۆرۈلگەن. بۇ پىلاندا باللارنى تەربىيىلەش پائالىيىتى بىلەن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بىرلەشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان ئىدى. بۇ چۆچەكلەر 1890-يىلدىن 1940-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوخشىمايدىغان مەزگىللەردە توپلانغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا «ھەربىر چۆچەك بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئىدېئولوگىيە تىپىنىڭ يىغىندىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ...» دەپ پەرەز قىلىشقان. روشەنكى، ئۇلار ئورتاق ئىدېئولوگىيە تىپى ناھايىتى تۇراقلىق بولىدۇ، ئەللىك يىل جەريانىدىمۇ ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان چۆچەكلەر ئىچىدىكى كۆز سېھرىگەرى دېگەن چۆچەك تىپى ئارقىلىق بۇ مەدەنىيەت ئەزالىرىنىڭ «شەكىللىنىش مۇددىئاسى»غا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. بىراق، كاردىنېرنىڭ نەزەرىيىسىنى پۈتۈنلەي ئاساسسىز دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئەپسانىلەردە ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرى ھەقىقەتەن مەۋجۇت. مۇئەييەن بىر ئەپسانىدىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش

ئارقىلىق، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ زامان ۋە ماكان جەھەتتىكى مەلۇم ئۇقۇشلار ئەتراپىغا مەركەزلىشىشكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەپسانىلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدىكى مۇقىملىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئۆزگىرىشلەر يەنىلا ئاساسىي ئورۇننى ئىگىللىمەيدۇ. لېكىن ئۇلار يەنىلا مۇئەييەن بىر مەدەنىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەنىلىك بەلگىسى بولالايدۇ. مارسا ۋولفېنستېيىن ئەنگلىيىلىك جەك بىلەن ئامېرىكىلىق بىنىسولكىنىڭ بۇ ئىككى چۆچەك ئۈستىدە ئېلىپ بارغان سېلىشتۇرمىسىغا قارىتا (بۇ ئىككى چۆچەكنىڭ ئاساسلىق ۋەقەلىكى ئوخشاش بولسىمۇ) تەپسىلات جەھەتتىكى بىرمۇنچىلىغان قىزىقارلىق پەرقلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇ ئامېرىكا چۆچەكلىرىدىكى ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا چوقۇنۇشنىڭ ناھايىتى كۆپ زىكىر قىلىنىدىغان تەپسىلاتلار ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە مەدەنىيىتىدىكى باشقا پەرقلەر بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى. سىز مارسا ۋولفېنستېيىننىڭ يەكۈنىگە مەيلى قوشۇلۇڭ، مەيلى قوشۇلماڭ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇسۇلىنىڭ ئاقىلانىلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇماي قالمايسىز. مۇبادا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مۇستەقىل مەدەنىيەتتىن توپلانغان يەشمىلەر ئارقىلىق ئەينى بىر ئەپسانە ياكى چۆچەكنى مۇۋاپىق رەۋىشتە سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئۇلارنىڭ تەپسىلاتلىرىدىكى ئوخشىماسلىقلار مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىنتايىن مۇھىم پەرقلەرنى ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بىز نادېلىنىڭ تەجرىبىسىنى ئەسلەپ كۆرەيلى. ئۇ بارتلېتنىڭ تەجرىبە ئۇسۇلى بويىچە ئۆزى توقۇغان بىر «خەلق چۆچىكى»نى ئافرىقىنىڭ مەلۇم يېرىدىكى ئىككى قوشنا قەبىلە ئارىسىغا ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە ئۇ، چۆچەكتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ شەخسىي خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت لىنىيىلىرى بويىچە پەيدا بولغانلىقىنى بايقىغان. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن ئاساسلىق

نەزەرىيە مەسىلىسى يەنىلا ھەل بولمىغان. ئەپسانىلەرنى پۈتۈنلەي مەزمۇنەن تەھلىل قىلىشقا بولامدۇ-يوق؟ مارگارىت مىند ۋولفېنستېيىننىڭ تەتقىقاتىغا قىسقىچە باھا بەرگەندە بۇ نۇقتىنى تامامەن پەرەز بويىچە دەلىللەپ مۇنداق دېگەن: «بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە شۇكى، بۇ چۆچەك ئەمدىلا شەكىللەنگەندە، جەك ۋە بىنىستولكىنىڭ ئىككى يەشمىسى بىلەن مۇئەييەن بىر مەدەنىيەتنىڭ مەلۇم بىر دەۋردىكى مۇشۇ تىپىسى ئوتتۇرىسىدا توغرا ھەم تولۇق ئوخشاشلىق بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ چۆچەك كېيىنچە ھەرخىل شەكىلدە تارقالغان ۋە ئېيتىلغان. سىز بۇ چۆچەكنىڭ خىلمۇ-خىل ۋارىيانتلىرىنى تەتقىق قىلدىڭىز ۋە ئۇنى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ھەم ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن باغلىدىڭىز». ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئانتروپولوگلار ئارىسىدىمۇ ئەپسانىلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋال قاچان، قەيەردە پەيدا بولغانلىقىنى بىلىدىغانلىرى ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. شۇڭا، توغرا ھەم تولۇق ئوخشاشلىقلارنىڭ بولۇشى ئەمەلىيەتتە ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ ياكى ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. ئەپسانىلەرنىڭ كۆپىنچىسى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان بولىدۇ. بۇ پاكىت ئەھۋالنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىۋېتىدۇ. ئەپسۇسكى، تارىخىي خاتىرىلەرمۇ ئاران شۇنچىلىك ئارىلىقنىلا ئەسلىتەلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەپسانىلەرنىڭ (ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا) ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغان ئورنى ھەم ۋاقتىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مارگارىت مىندغا ئوخشاش ئانتروپولوگلار ئەپسانىلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى بىردەكلىكنى تېپىشقا زادىلا ئامال قىلالمايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ساددىلارچە پىكىر قىلىدىغان بەزى ئالىملار ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت مۇھىتلىرىدىن بايقىغان ئەپسانىلەرنى تەھلىل قىلىش يولى بىلەن ئالاھىدە بىرخىل

مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشماقچى بولۇشىدۇ.
بۇنداق قاتماللاشقان نوي-پىكىرلەر ئۇلارنىڭ
خەلق ئىجادىيىتىنىڭ ماھىيىتىگە ئەزەلدىنلا
سەل قارىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئالايلۇق،
يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر دوكتورلۇق دىسسېر-
تاتسىيىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى كۆپلىگەن
گىرىم چۆچەكلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىش
ئاساسىدا 19-ئەسىردىكى گېرمانىيە مەدە-
نىيىتىنى تەھلىل قىلىش بولغان. دىسسېرتاتسىيە
ئاپتورىنىڭ بۇ چۆچەكلەرنى تەھلىل قىلغانلىقى
بىر يېڭىلىق ھېسابلانسىمۇ، يەنە كېلىپ، پسىخ
ولوگىيە ساھەسىدە كارامەت بىر ئىش دەپ
قارالسىمۇ، گىرىم چۆچەكلىرى ھەرگىز گېرمانىيە
بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ
چۆچەكلەر 19-ئەسىردىن بۇرۇنلا پەيدا
بولغان. مانا بۇ پاكىتلار بۇنداق نەزەرىيىنىڭ
ھۆلىنى پۈتۈنلەي پاچاقلاپ تاشلايدۇ. مۇبادا
چۆچەكلەرگە قىلىنغان تەھلىللەر توغرا دەپ
قارالغان تەقدىردىمۇ، چۆچەكلەر ئوخشاش
شەكىلدە ھەرقانداق بىر جايدا كۆرۈلسە،
بۇنداق تەھلىللەرمۇ ئېھتىمال شۇ جايلارغا
ئوخشاشلا ماس كېلىۋېرىدۇ. بارنووۇمۇ چىپپىۋالار-
نىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرگە
ئاساسەن، چىپپىۋا خەلقىنىڭ مىجەز-خاراكتېرىنى
تەھلىل قىلىپ، پۈتۈنلەي ئوخشاش خاتالىق
ئۆتكۈزگەن. چۈنكى، بۇ رىۋايەتلەر ئەمەلىيەت-
تە، شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ
بىرمۇنچىلىغان ئۆلچەملىك چۆچەكلەر تىپىنى①
ئۆز ئىچىگە ئالغان. روشەنكى، خەلقارالىق
ياكى ناھايىتى كەڭ تارقالغان ئەپسانىلەرنى
مەلۇم بىر-خىل مەدەنىيەتكىلا تەۋە ئەپسانە
دەپ تەھلىل قىلىش تولىمۇ بىمەنىلىك بولىدۇ.
مەلۇم بىر ئەپسانە پەقەت يەككە-يېگانە
بولغاندىلا، يەنى ئۇ مەلۇم بىر مەدەنىيەتكىلا
تەۋە بولغاندا، بۇ خىل ئۇسۇل ئاندىن يۈت
تىرەپ تۇرالايدۇ. ئەمما، مەلۇم بىر ئەپسانە

باشقا بىر مەدەنىيەت دائىرىسىگە كىرگەندىن
كېيىن ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى
تەھلىل قىلىشمۇ ئەھمىيەتلىك خىزمەت ھېساب-
لىنىدۇ. ياۋروپا قوشۇلما چۆچەكلىرىنىڭ زۇنىلار
ئارىسىدىكى ئۆزگىرىشلىرىنى ياكى يەرلىك
ئاھالىلەرنىڭ فېئوۋولىق چۆچەكلىرىنى
ئېيتىشلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مەدەنىيەت
ئالماشتۇرۇشنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە تېخىمۇ
مۇپەسسەل چۈشەنچىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ،
بۇنىسى ناھايىتى ئېنىق. كاردىنېر بىر خىل
مەدەنىيەت ئېلېمېنتىنىڭ «قوبۇل قىلىنغان
مەدەنىيەت» نىڭ تۈپكى خاسلىق قۇرۇلمىسىغا
ماسلاشتۇرۇلۇشى ئۈچۈن قانداق قىلىپ ئۆزگەر-
تىۋېتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن، بۇ ئۇنىڭ
باشقىلارنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىجادىي
كۆز قارىشى. شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرى
ئىچىدىكى كومانكلار قۇياش ئۇسسۇلىنى قانتىق
خورلىنىش ۋە ئۆز-ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىش
دەيدىغان قاراشنى كۆچ-قۇدرەتنىڭ سەنئەتلىك
ئىپادىسى دەيدىغان قاراشقا ئۆزگەرتكەن.
كاردىنېرنىڭ بۇ ئۆزگىرىشنى شەرھلەشى
كىشىنى تولىمۇ قايىل قىلىدۇ.

ھازىر مۇنداق بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا
قويۇلدى، يەنى نەزەرىيە جەھەتتىن، پەقەت
كەڭ تارقالغان ئەپسانىلەرنىڭ پەرقلىرىنىلا
ياكى مۇئەييەن بىر مەدەنىيەتكىلا خاس
بولغان ئەپسانىلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنىلا
تەتقىق-تەھلىل قىلىشقا يول قويۇلسا، بۇ، كەڭ
تارقالغان ئەپسانىلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى
مەنەن تەھلىل قىلىشقا بولمايدىغانلىقىدىن
دېرەك بېرەمدۇ-قانداق؟ كەڭ تارقالغان
ئەپسانىلەر ئومۇمەن ئەڭ قىزىقارلىق بولىدۇ،
ماھىيەتتە، بۇ مەسىلە چۈش كۆرگۈچىنىڭ
ئەھۋالىنى ئۇقماي تۇرۇپ ئۇنىڭ چۈشىنى
تەھلىل قىلىشقا بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدىن
ئىبارەت. بۇنىڭ بىر جاۋابى مۇنداق بولۇشى

① ئۆلچەملىك چۆچەكلەر تىپى — ۋارىيانتلانغان چۆچەكلەر كۆردە ئوتتۇلىدۇ. (ت).

مۇمكىن، يەنى ئىنسانىيەتتە ئومۇميلىق مەۋجۇت بولغاچقا. بۇنداق ئەپسانىلەرنى تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. ئۇسسۇلۇقنى ئىگىللەيدىغان بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا. پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان بىر ئەپسانىنى مەلۇم بىر مەدەنىيەتكىلا خاس ھادىسە دەپ تەھلىل قىلىش ئېھتىمال يوق تىرەپ تۇرالمىسا كېرەك. ئەگەر بۇنداق ئەپسانىنى ئۇزى تارقالغان دائىرىدىكى مارلىق مەدەنىيەتكە تەۋە دەپ تەھلىل قىلساق، پۈتۈنلەي خاتا قىلغان بولىمىز. بىراق، بۇنداق دېگەنلىك تۈۋەندىكى ئېھتىماللىقنى، يەنى خىلمۇ خىل مەدەنىيەت رايونىدا كۆرۈلگەن بىر ئەپسانە قانچە خىل مەدەنىيەت مۇھىتىغا ئىگە بولسا، ئۇنىڭ شۇنچە خىل مەنىسى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئېھتىماللىقنى تەرەپتىن سافىت قىلىشقا بولمايدۇ. بىراق، ئىنسانىيەتتە نەزەرىيىلا مەلۇم دەرىجىدە ئورتاقلىقلار مەۋجۇد بولۇشى مۇمكىن، دېگەن بۇ پەرەز ئەپسانىلەر پۈتۈنلەي ئوخشىمىسىمۇ قىسمەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئانتروپولوگلارمۇ ئالىم دەپ قارالغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارنى ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئاددىيلاشتۇرۇش نەزەرىيىسىدىن قورقماسلىقتا، شۇنداقلا تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە كۆزىتىشتىن ئىگىلىگەن بۇنداق ئورتاقلىقنىڭ بايقالغانلىقىدىن قورقماسلىققا دەۋەت قىلىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى بولمىسا كېرەك. گەرچە $e=mc^2$ دېگەن فورمىلا ئاددىيلاشتۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ فورمىلاسى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ناھايىتى توغرا.

ئورتاقلىققا قىزىقىدىغان ئانتروپولوگلار ئىچىدە كروكخوننى تىپىك ۋەكىللەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ «مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي تىپلىرى» دېگەن ماقالىسىدە زور ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېگەن: «مەدەنىيەت نىسپىيەت نەزەرىيىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا مۇمكىنچىلىك يوقلىقىدىن ئىبارەت بۇ تەمەلىيەت تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك ئىسپات بىلەن تەمىن ئېتەلىگىنى يوق: مەدەنىيەت ھەممىلا جەھەتتە، يەنى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ھەرقايسى تارماقلاردا ۋە مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى زادىلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ھەربىر مەدەنىيەت ھادىسىدە ئىپادىلىنىدۇ». ئۇ بەس-مۇنازىرە قىلىپ يەنە مۇنداق دېگەن: «مەدەنىيەت سېلىشتۇرمىسىدىن ئىبارەت بۇ ئۈنۈملۈك تەتقىقات، ئەڭ ياخشىسى، ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئۇسۇل بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئورتاقلىقىنى مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە (مەلۇم بىرلىك بولغان شەيئىلەر) نىسپىي ۋە مۇئەييەن بىر سىستېما ئۆلچىمى جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.» شۇنىسى ئېنىقكى، كروكخون «مەلۇم بولۇپ بولغان بۇ شەيئىلەر» نىڭ ئەپسانىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن. «ئەپسانە ۋە ئەپسانىلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان تېمىلار» دېگەن ماقالىسىدە ئۇ «ئەپسانىلەرنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى» نى مۇھاكىمە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغانلىقتىن ياكى ئۇلار زامان ۋە ماكان جەھەتتە ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە تەكشى تەقسىملەنگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردىكى ئومۇمىيلىق ئىنسان پىسخىكىسىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان ئادەتتىكى سىستېمىلارنىڭ ھالەتلىرى ياكى تەسىرلىرىگە قايتۇرغان ئۈزلۈكسىز ئىنكاسىدىن پەيدا بولغان دېيىشكە بولىدۇ.» كروكخون قەيت قىلغان ئاتالمىش كۆپ ئۇچرايدىغان تېما فرېيود تىلغا ئالغان تىپىك چۈشكە ئوخشاپ قالىدۇ. فرېيود چۈش مەزمۇنىنىڭ سىمۋوللۇق شەرھلىرىنى نەزەرگە ئېلىشنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى ئەسكەرتكەن بولسىمۇ، شۇنداقلا ئۆز ئېتىقادىنى، يەنى ئوخشاش مەزمۇندىكى چۈش ئوخشىمايدىغان شەخسلەر ۋە مۇھىتقا نىسبەتەن ئۆزىدە ئوخشىمايدىغان مەنىلەرنى يوشۇرغان بولۇشى مۇمكىن دېگەننى ئېنىق بايان قىلغان بولسىمۇ، ئۇ تىپىك چۈش دېگەن نەرسىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ يەردە دېيىلۋاتقان تىپىك چۈ

نى ھەممە ئادەم ئوخشاش شەكىلدە كۆرگەن چۈشلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بىر بۇ چۈشلەرنىڭ چۈش كۆرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا ئادەتلەنگەنمىز. ھەرقانداق ئالاھىدە مەدەنىيەت مۇھىتى، بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانا ئىپادىلەنگەن ئەپسانىلەر، ئۇلار ئۈچۈن بەربىر ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلىدىغان ئانتروپولوگلارنىڭ نامى كۆپ بولماسلىقى بۇ كۆز قاراشنىڭ سىستېمىلاشمىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. مەزمۇننىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش كېرەككى، مۇئەييەن بىر ئەپسانىنىڭ شۇقەدەر كەڭ تارقىلىشىدىكى سەۋەبلەر تېخى ئېنىقلانغىنى يوق. كۆپ مەنبەچىلىك نەزەرىيىسى ياكى توپلانما نەزەرىيىسىنىڭ قارشى تۇرغۇچىلىرى، يەنى تارقالمىچىلىق نەزەرىيىسىنىڭ ئەڭ قىزغىن قوللىغۇچىلىرى پەقەت ئەپسانىلەرنىڭ تارقىلىش ئۇسۇللىرىنىلا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، خالاس. بىراق، تارقىلىش ئۇسۇللىرى كۆپ ھاللاردا تارقىلىش سەۋەبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئەپسانە تەتقىقاتىدىكى سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئومۇمىيلىق ئۇسۇلىنىڭ خېلى پاكىت ئاساسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندە كونكرېت مىساللارنى تەپسىلىيرەك تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز.

شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ ئەپسانىلىرى ئىچىدە كىشىلەرنى ھەممىدىن بەك مەپتۇن قىلىدىغىنى دۇنيا سۇ ئاستىدىكى تۇپراقتىن يارىتىلغان، دېگەن ئەپسانىدۇر. ئانا بىنگىتا رۇس شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئۈچ يۈز ئەپسانىسىنى تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە، ئوخشىمايدىغان سەككىز تىپ ئىچىدە دۇنيا سۇ ئاستىدىكى تۇپراقتىن يارىتىلغان دېگەن ئەپسانىنىڭ ئەڭ كۆپ تارقالغانلىقىنى بايقىغان. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئەپسانە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئېرىل كائۇنت قورغاق زېمىن سۇ ئاستىدىن ئېلىنغان ماتېرىياللاردىن يارىتىلغان دېگەن بۇ نۇقتىنەزەر «روشەنكى، ئىنسانىيەتكە ئومۇمىي بولغان ھەم تارقىلىشى كەڭ بولغان كۆپ ساندىكى ساددا ئۇقۇملارنىڭ بىرى» دەپ قارايدۇ. يېقىندا فولكلورشۇناس ئى. ك. كونگاس ئىلگىرىكى كۆپلىگەن ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ھەر تەرەپلىمە كۆزەتكەندىن كېيىن. زېمىن سۇ ئاستىدىكى ماتېرىياللاردىن يارىتىلغان دېگەن مەزمۇندىكى ئەپسانىلەر ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئى. ۋ. ۋېئوگېلىن مۇشۇ تىپتىكى ئەپسانىلەرنى يىغىنچاقلاپ، تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان:

شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ دۇنيانىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى ئەپسانىلىرىدە، مەدەنىيەت قەھرىمانلىرى ھايۋانلارنى ئىپتىدائىي سۇ ياكى كەلكۈنگە كىرگۈزۈپ، لاي ياكى قۇم قاتارلىقلارنى ئاز-ئازدىن ئېلىپ چىققۇزغان. يەر شارى ئەنە شۇ لاي ياكى قۇملاردىن بىنا بولغانمىش. ھەرخىل ھايۋانلار، قۇشلار ۋە سۇ جانىۋارلىرى يەر يۈزىنى قاپلاپ تۇرغان سۇ ئاستىغا ئەۋەتىلگەندە، ھايۋانلارنىڭ تەقدىرى ھالاكەتلىك بولغان، خەيرىيەت، ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىمدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغان، يەنى ئۇلار ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن بولسىمۇ، چاڭگاللىرىدا ئاز-تولا قۇم ياكى لايىنى سىقىمداپ سۇ يۈزىگە ئېلىپ چىققان. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار بەزىدە ئىپار چاشقىنى، بەزىدە دېڭىز قامىسى، ئۆزەك قۇرتى، راك، سۇ بۈلغۈنى قاتارلىقلار بولغان. باشقا ھايۋانلار ھالاك بولغاندىن كېيىن، بۇ ھايۋانلار ئاز-ئازدىن لايىنى غەلىبىلىك ئېلىپ چىقىپ، سۇ يۈزىگە قويغان، كېيىنچە بۇ لايلار بىرخىل سېھرىي كۈچ بىلەن تېز كۆپىيىپ، بۈگۈنكى دۇنيا پەيدا بولغان.

بۇ ئەپسانىدىكى قىزىقارلىق بىر ئالاھىدىلىك، دۇنيانىڭ توپا ياكى لايدىن بىنا بولغانلىقىدۇر. ئىنسانىيەت ئىنگىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان

ماددىلاردىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇ ئەپسانە تېخىمۇ ئالاھىدە تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئازغىنە لاينىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچ بىلەن كۆپىيىشىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. بەر شارى سىقىمغا ياكى تىرناق ئارىسىغا سىغىدىغان ئازغىنا لاي-توپىدىن بىنا قىلىنغان دېگەن بۇ قاراش زادى قانداق قىلىپ بارلىققا كەلگەن؟ دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى بۇ ئەپسانىنىڭ ھەرخىل مەدەنىيەت مۇھىتلىرىدا، يەنى ياۋروپا شىمالىي ئامېرىكىدىلا ئەمەس، ھەتتا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ شۇ قەدەر كۈچلۈك ئەكس ئېتىشىدىكى سىر زادى نېمە؟

فرېئۇدنىڭ ئەپسانىلەر ئىنسان پسىخىكىسىنىڭ تاشقى دۇنيادىكى پرويېكسىيىسى دېگەن بۇ تەشەببۇسى قارىماققا دۇنيا سۇ ئاستىدىكى لاي-توپىدىن يارىتىلغان دېگەن ئەپسانىگە ماس كەلمەيدىغاندەك تۇيۇلسىمۇ، ئۇنىڭ ئامېرىكىدىكى باشقا ئىندىئانلارنىڭ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى، ئائىلىۋى، مەدەنىيەت قەھرىمانلىرىنىڭ خۇددى ئىشق ئانا ۋەقەلىكىدىكىدەك تەگرى ئاتا ۋە ئانىدىن تۆرەلگەنلىكى ياكى پەيدا بولغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر توغرىسىدىكى قىياسلىرى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. بۇ يەردە زىكىر قىلىنىۋاتقان دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر كىشىلەرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى بىرخىل قىياسى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەپسانىلەرنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا ۋاشىنگتون ماتسۇۋېس 1902-يىلila ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. بىراق، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ، بۇ كۆز قاراشلىرىنى پسىخىكا ئانالىزى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەس. ماتسۇۋېس گېنېئالوگىيىلىك① ئەپسانىلەر (دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر) تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، دۇنيانىڭ «تۆرەلمە بولۇشى ۋە تۇغۇلۇشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر» دەپ قارىغان. يېقىندا، ۋېللېر ۋۇئېگبلىن بىلەن مۇر گېنېئالوگىيە ئەپسانىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرخىل كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان، لېكىن بۇ كۆز قاراشنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان تەپسىلاتلارنى كۆرسەتمىگەن. بىراق، روھىي ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى قىياسلىرى بوۋاقلىق دەۋرىنىڭ بالاياتقۇ بوشلۇقىغا بولغان سېزىمىدىن پەيدا بولغان دەپ كۆرسەتكەن. مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئادەم زېمىن ئانىنىڭ بىرەر ئۆڭكۈرىدىن پەيدا بولغان دېگەن قاراش ئىنسانىيەتنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ناھايىتى ئوخشاپ كېلىدىغاندەك قىلسىمۇ، ئۇ دۇنيا سۇ ئاستىدىكى لايدىن يارىتىلغان دېگەن ئەپسانىگە پسىخىكا جەھەتتىن بىر پروتوتىپ بەلگىلەشكە ياردەم بېرەلمەيدۇ. قانداق نەرسە دۇنيا لايدىن يارىتىلغان دېگەن بۇنداق قىياسنىڭ «ئېچكى» سېزىمى بولالايدۇ؟

بۇ ھەقتىكى پەرەزلەر ئىنتايىن مۇھىم ئىككى ئالدىنقى شەرت ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئىككى ئالدىنقى شەرت (ئۇلار پەقەت كىچىك ئاساسلا بولالايدۇ) تۆۋەندىكىچە: بىرىنچىسى، ئادەم مەقەت بوشلۇقىدىن تۇغۇلىدۇ دېگەن نەزەرىيىنىڭ مەۋجۇدلۇقى؛ ئىككىنچىسى، ئەرلەردە ئاياللارنىڭ ھامىلدار بولۇشىغا قارىتا بىرخىل قىزغىنىشنىڭ مەۋجۇدلۇقى. فرېئۇد ئۆزىنىڭ يۇرۇك بوشلۇقى نەزەرىيىسىنى بالىلارنىڭ جىنسىي تەلەپلىرى ھەققىدىكى نەزەرىيىسى قانارىدا بىرىنچى كىچىك ئاساس دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋەتكەن. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ نەزەرىيىدە مۇنداق دەپ قارىلىدۇ: بالىلار ئەرلىك-ئاياللىق دېگەننى بىلمىگەنلىكى، شۇنداقلا بالىنىڭ قانداق تۇغۇلىدىغانلىقىنى ئۆز

① گېنېئالوگىيە — شەجەرىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش مېتودى. (ت)

كۆزى بىلەن كۆرۈشكە نوگايلىقچە، مۇۋەپپەق بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ھامىلدار ئاياللارنىڭ قورسىقىدىكى ھېلىقى بىر كاللەك نەرسىنىڭ بەدىنىدىن ئاجراش جەريانىنى پەرەز قىلىدۇ. يەنى ئۇلار ئۆزلىرى تەسەۋۋۇر قىلغان ھېلىقى نەرسە بەدەندىن پۈرۈك ئارقىلىق ئاجرايدۇ، دەپ قىياس قىلىدۇ. فرېئۇدنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «بارلىق ئۆسمۈرلەر دەسلەپتە بالىنىڭ ئۈچەيدىن تۇغۇلىدىغانلىقىغا، يەنى بوۋاق خۇددى چوڭ تەرەتكە ئوخشاش ئۈچەيدىن چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ». ئىككىنچى كىچىك ئاساستا، ئەرلەر ئاياللارنىڭ تۇغالايدىغانلىقىدىن قىزغىنىدۇ، دېيىلگەن. بۇ قىزغىنىش مەيلى «تۇغۇت قىزغىنىشى» ياكى «ھامىلدارلىق قىزغىنىشى» دەپ ئاتالسۇن، ئۇنىڭ توپ مەزمۇنى، ئەرلەر خۇددى ئاياللارغا ئوخشاش ئۆز ۋۇجۇدىدىن قىممەتلىك نەرسىنى تۇغۇش ياكى يارىتىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىككىنچى كىچىك ئاساس دەل يۇقىرىدا بېيتلىھېمنىڭ قىرانلىق مۇراسىمى ۋە كىندىكئانا يوسۇنلىرىنى چۈشەندۈرۈشىنىڭ ئاساسىدۇر. ئۇنىڭ مۇلاھىزىسى بويىچە ئېيتقاندا، قىرانلىق مۇراسىمى قايتا تۇغۇلغانلىق ھەققىدىكى بىرخىل ئالاھىدە مۇراسىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى، ئەمدىلا قۇرامىغا يەتكەن كىشىنىڭ ئەرلەر تەرىپىدىن قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈلگەنلىكى ھېسابلىنىپ، بۇ مۇراسىمغا ئاياللارنىڭ قاتنىشىشى مەنئى قىلىنىدۇ. مانا بۇ، ئاياللارنىڭ تۇغۇش ۋە تەربىيىلەش ئىقتىدارىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كىندىكئانا يوسۇنلىرىمۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئوخشاش تۇغالايدىغان بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقى دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بەزى يىشخىكا ئانالىزچىلىرى ئەرلەرنىڭ مەنىۋى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت ئىستىكى بەزىدە ئۇلارنىڭ ئاياللارغا ئوخشاش ھامىلدار بولۇش ۋە تۇغۇش ئارزۇسىدىن كېلىدۇ دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەپسانىشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەڭ مۇھىمى، كىلىنكىلىق كېسەل مىساللىرى بولۇپ، بۇ مىساللاردا ئەرلەرنىڭ چوڭ تەرەتنى ماگغۇزۇش ئۇسۇلى بىلەن بالا تۇغۇشقا ئۇرۇنغانلىقى ياكى تەرەتنى بىلەن پۈتكۈل دۇنيانى چىقىرىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغانلىقىدەك ھالەتلەر كۆرۈلگەن. فېلىكس بوبېھم تېخىمۇ تەل-تۆكۈس يىغىنچاقلىغان ھالدا مۇنداق دېگەن: «ئەرلەر ھەققىدىكى بارلىق تەھلىللىرىمىزدە مەقەت ئارقىلىق تۇغۇشتەك قىياسنى ۋە ئەرلەرنىڭ چوڭ تەرەتكە بالا نورنىدا مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىي ھادىسىنى بايقىدۇق». مەيلى قانداقلا بولسۇن، كۆپلىگەن كىلىنكىلىق پاكىتلار مۇشۇنداق خام خىيالنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئالايلۇق، ستېكېل بىر بالىنىڭ ئۆز تەرىتىنى «بوۋاق» دەپ ئاتىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ نۇقتىنىنەزەرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرگە ماس كېلىدىغان تەرەپلىرىنى ئاپراھېم، جوڭ ۋە رانكلار بايقىغان. جوڭنىڭ مۇلاھىزىسى «تۇنجى ئادەم تەرەت، سېغىز توپا ۋە سېغىز لايدىن ياسالغان» دېگەندىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە، جوڭ مەقەتتىن تۇغۇش قارىشىنىڭ دېئۇكالىيون ۋە پىرھا ئەپسانىلىرىدىكىدەك «ئارقىغا تاشلىۋېتىپ» ئادەم ياساشتىن ئىبارەت بۇ تېمىمىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئىجادىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويغان. بىراق، مەيلى ئاپراھېم ياكى جوڭ بولسۇن ۋە ياكى رانك بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تۆۋەندىكى ئەمەلىيەتنى، يەنى مەقەت ئارقىلىق تۇغۇشتىن بولۇپمۇ ئەرلەر بەكرەك زوقلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلىمىگەن. دەرۋەقە، ئىنتايىن ئاز ساندىكى قىزلاردىمۇ مۇشۇنداق خام خىيال پەيدا بولغان. لېكىن، بۇنداق خام خىيال تۇغۇتتا غايىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن (بۇنداق خام خىيال ئاياللارنىڭ ھامىلدارلىق مەزگىلىدە توپىغا سېزىك بولۇشىدەك ھادىسىلەرنىڭ كۆپلەپ كۆرۈلۈشى بىلەن مەلۇم باغلىنىشتا بولۇشى مۇمكىن).

دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىكى لايدىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنى چۈشەندۈرۈشتىكى پەرەزنىڭ ئاساسى بولغان بۇ ئىككى كىچىك ئاساس «ئىنجىل» نىڭ «دۇنيانىڭ يارىتىلىشى» دېگەن بابىدا ئۇچرايدۇ. خۇددى فۇلوھوم كۆرسەتكىنىدەك، ئاياللارنىڭ ئىختىياجلىقى بويىچە چىقىرىلىپ، دۇنيانى ئەرلەر ياراتقان. ھەتتا ئاياللارنىمۇ ئەرلەر ياراتقان، چۈنكى ھاۋا ئانىمۇ ئادەم ئاتىنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغان دېيىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، مۇبادا بىز نوھ ئەلەيھىسسالام رىۋايىتىنى ھامىلدارلىق ئەپسانىسى دەپ قارىساق، بۇ ھالدا بالاياتقۇ شەكلىدىكى كېمىنى ئەرلەر ياسىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. تەخمىنەن، ئىنسانلارنىڭ ھامىلدارلىق مەزگىلىدەك ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىلا، ئاندىن توپاننىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەن. مانا بۇ نۇقتىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. شۇنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، نوھ ئەلەيھىسسالام رىۋايىتى دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىكى لايدىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ ئۆزگەرتىلگەن شەكلى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. چۈنكى، ئۇنىڭدىمۇ ئەر قەھرىماننىڭ بىرىنچى قېتىمدا بىر قاغىنى، ئىككىنچى قېتىمدا بىر كەپتەرنى ئىپتىدائىي توپاننىڭ غەرق قى» 稿 ۋېتىش خەۋپى ئاستىدا ئازراق لاي-توپا تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكى زىكىر قىلىنغان. ئۆزگەرتىلگەن باشقا بىر رىۋايەتتە قاغىنىڭ پەرمانغا خىلاپلىق قىلىپ، يېرىم يولدا توختاپ قالغانلىقى ۋە بىر ئۆلۈكنىڭ زىياپىتىگە قاتناشقانلىقى سۆزلەنگەن بولسا، يەنە بىر رىۋايەتتە، قاغىنىڭ جازاغا تارتىلغانلىقى ۋە شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ پەيلىرى ئەسلىدىكى ئاق رەڭدىن قارىغا ئۆزگەرگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ ئىككى ۋەقە ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىن ئېلىنغان توپىدىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىلىرىدىمۇ سۆزلىنىدۇ. ئۇمۇ-

مەن، فۇلوھوم «ئىنجىل» نىڭ «دۇنيانىڭ يارىتىلىشى» دېگەن بابىنى تولۇق تەرجىمە ۋە بايان قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا دۇنيانى ئەرلەر ياراتقان دېگەن ئەپسانىنىڭ بارلىقىنى بىلىش ئانچە تەسكە توختىمايدۇ. خۇددى ئابراھام، جوك ۋە راندلار «ھامىلدارلىق قىزغىنىشى» دېگەندىن ئىبارەت مەقئەت ئارقىلىق تۇغۇش ئىدىيىسى مەۋجۇت ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلغىنىدەك. فۇلوھوم «مەقئەت ئارقىلىق تۇغۇش» تىن ئىبارەت ھامىلدارلىقنى قىزغىنىش نۇقتىئىنەزەرى مەۋجۇت ئەمەس دېگەن خۇلاسىغا كەلگەن. لېكىن، ئۇ، ئادەمنىڭ لايدىن ياسالغانلىقى ھەققىدىكى ۋەقەلىكنى ئەسكەرتىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان. كىشىلەر دۇنيانى ئەرلەرنىڭ ياراتقانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئائىلە باشلىقى تۈزۈمىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ مەلۇم جەھەتتە باغلىنىشى بارمىدۇ، دەپ ئويلىشى تەبىئىي.

بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان مەسىلە بىلەن پەۋقۇلئاددە زىچ مۇناسىۋەتتە بولغىنى دۇنيا ئادەم بەدىنىدىن چىقىرىلغان دېگەن فانتاستىك خىياللار توغرىسىدىكى كىلىنىكىلىق ماتېرىياللاردۇر. مەسىلەن: لومبروسو ئىككى نەپەر سەنئەتكارنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىز ئۆز تېرىمىزدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن دۇنيانىڭ خوجايىنلىرىمىز، دېگەن خىياللاردا بولغان. بۇ سەنئەتكارلارنىڭ بىرى ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاياللار ئارىسىدا قىپيالىڭاچ تۇرۇپ دۇنيانى پۈركۈپ چىقىرىۋاتقان قىياپەتتىكى رەسىمىنى سىزغان». مانا بۇ خىيالىي مەنزىرىدە ھېلىقى سەنئەتكار ئۆز مەقئىتىنىڭ ئىجادىيچانلىقىنى كۆز-كۆز قىلىپ، ئۆزىنى ئەتراپىدىكى ئاياللاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان زات قىلىپ تەسۋىرلىگەن. فرېئۇد ۋە ستېكول بىرمۇنچە كېسەللىكلەر مىساللىرىدىن خەۋەر بەرگەن. بۇلار ئىچىدە ئەرلەرنىڭ

دۇنياغا قارىتىپ چوڭ تەرەت قىلىۋاتقانلىقىنى خىيال قىلغانلىقىنى سۆزلەيدىغان. ئابراھام مەلۇم بىر بىمارنىڭ دۇنيادىكى تۆرلۈك-تۈمەن مەۋجۇداتلارنى ئۆز مەقئەدىن چىقارغانلىقىنى چۈشىدە كۆرگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرگەن. نۆۋەتتىكى تەتقىقات ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم مەسىلە، ئەلۋەتتە، مۇشۇ خىل فانتازىيىلەرنىڭ ئەپسانىلەردە كۆرۈلگەن-كۆرۈلمىگەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر. شۈبھىسىزكى، پەقەت غەرب مەدەنىيىتىدىن تېپىلغان ئازغىنە كىلىنىكىلىق مىساللار ئاساسىدىلا دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىن ئېلىپ چىقىلغان نوپىراقتىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنى دۇنيا مەقئەتتىن تۇغۇلغان دېگەن قىياس بويىچە چۈشەندۈرسەك، كۆپ ساندىكى ئەپسانە تەتقىقاتچىلىرى نارازى بولىدۇ. بىراق، ئەپسانە ماتېرىياللىرىنىڭ كەمچىل بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، بەزى ئېرقشۇناسلار ۋە فولكلورشۇناسلارنىڭ كونىراپ كەتكەن ساختا ئەدەپنىڭ ھىمايىچىسى بولغانلىقىدىندۇر. دۇنيانىڭ چوڭ تەرەتتىن يارىتىلىش جەريانى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر كىتاب يۈزىدە ناھايىتى ئاز كۆرۈلدى. خەيرىيەت، دۇنيانىڭ ئەرلەرنىڭ تەرىتىدىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىلەردىن بىرنەچچىسى ھەرھالدا جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولدى. جون.گ.بورك دۇنيانى ئەرلەر ياراتقانلىقى توغرىسىدىكى ئاۋستراليە ئەپسانىلىرىدىن بىرنى نەقىل كەلتۈرگەن. ھارماي-تالماي ئىشلەيدىغان ئېلۋىن ھازىرقى ھىندىستاندىن توپلىغان ئەپسانىلەرنى توپلىغان. بۇ ئەپسانىلەردە يەر شارىنىڭ چوڭ تەرەتتىن ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكى سۆزلەنگەن. ئالايلۇق، لانجىيا سائورا رىۋايىتىدە، بىمونىڭ رامانىڭ① بېشىغا تەرەت قىلغانلىقى، چوڭ تەرىتى سۇغا تاشلىۋېتىلگەندە دەرھاللا قېتىپ، قورۇقلۇققا ئايلانغانلىقى سۆزلەنگەن. كيادا پىلارنىڭ يەنە بىر ئەپسانىسىدە، بۈيۈك دانو داراگىنىڭ جاھاننى يۇتۇۋالغانلىقى، بىراق ماھابارابا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، قاتتىق باسقاندا ئۇ چىدىيالماي، قورسىقىدىكى يەر شارىنى مەقئەت ئارقىلىق چىقىرىپ بەرگەنلىكى، بۇنىڭ بىلەن دۇنيا يەنە بىر قېتىم شەكىللەنگەنلىكى بايان قىلىنغان. يەنە بەزى ئەپسانىلەردە يەر شارىنىڭ چۈشەندىن تۇغۇلغانلىقى ياكى دۇنيانىڭ چۈمۈلە پوقىدىن شەكىللەنگەنلىكى سۆزلەنگەن. بوگوراس شىمالىي ئامېرىكا قورۇقلۇقىدا تارقالغان بىر ئەپسانىنى ئېلان قىلغان. كۆكچىلارنىڭ دۇنيانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى بۇ ئەپسانىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: « قاغىنىڭ خوتۇنى ئېرىنى يەر شارى بىنا قىلىشقا بۇيرىغان ئىكەن، لېكىن قاغا بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاغىنىڭ خوتۇنى بىر ئاچچىقى يامان ھەمراھ تۇغماقچى بولغانلىقىنى جاكارلاپتۇ-دە، يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. قاغا ئايالىنىڭ قورسىقى يوغىناۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇق ھالەتتىمۇ ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا تۆرەلمە پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق غەزەبلىنىپتۇ-دە، يۈزىنى باشقا ياققا قارىتىپ يېتىۋاپتۇ. نىھايەت، قاغىنىڭ خوتۇنى قوشكېزەك بالا تۇغۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن قاغا: ‹ پاھ! سەن چېغىڭدا ئادەم تۇغالىغان بولساڭ، مەنمۇ يەر شارى بىنا قىلىشقا ئامال قىلىپ كۆرەي › دەپتۇ. كېيىن ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ مايافلاشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ماياقلىرى سۇ يۈزىگە چۈشۈپ، تېزدىن كۆپىيىشكە باشلاپتۇ ۋە قورۇقلۇققا ئايلىنىپتۇ » . بۇ يەردە ھامىلدارلىق قىزغىنىشى بىلەن دۇنيانىڭ مەقئەت ئارقىلىق يارىتىلغانلىقى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بارلىقىنى ھېچ ئىككىلەنمەي مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى

① رامان: قەدىمكى ھىندىلارنىڭ « رامايانا » داستانىدىكى باش قەھرىمان. براھما دىنىدە ئەڭ بۈيۈك ئىلاھ ۋىشنۇنىڭ مۇجەسسىمى. (ت)

شۇكى، كۆكچىلار نىڭكىدەك مەزمۇنى ئېنىق ئەپسانىلەر ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاز. دۇنيانىڭ تەرەتتىن يارالغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىلەردىن شىمالىي ئامېرىكىدا ئۇچرايدىغانلىرى پەقەت بىرنەچچىلا بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنى بويىس رەتلىگەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، كۋالىئۇتىللارنىڭ بىر رىۋايىتىدە، سۇ بولغۇنى ئۆزىنىڭ پوقىدىن بىر بالىنى پەيدا قىلغانلىقى سۆزلەنگەنىكەن. بىراق، ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ ئەپسانىلىرىدە بۇنداق دېيىلمىگەنلىكى شىمالىي ئامېرىكىدا مۇشۇ خىلدىكى ئەپسانىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ، دېگىلى بولمىسا كېرەك. ئامېرىكىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تۈزگەن نەشر قىلىش ئۆلچىمى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان تۇپلاش-رەتلەش ئۆلچەملىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى مۇشۇ خىلدىكى ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى مەلۇم جەھەتلەردىن قايىل قىلارلىق دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بۇ نۇقتىدا تۆۋەندىكى ياكىت دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ: بويىس ئېلان قىلغان كۋاكىئۇتللار ئەپسانىسىنىڭ دەسلەپكى نېمىسچە تەرجىمىسىدە تىلغا ئېلىنغان چوڭ تەرەت، دېگەن سۆز ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدە ‹ئېپار خالتىسى› دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئېھتىمال، ئاندىرى لاندىنىڭ كۆز قارىشى ئانتروپولوگلار ۋە مۇھەررىرلەرگىمۇ سىڭگەن بولۇشى مۇمكىن. ئاندىرى لاند ئېنكوئونتېربەي مىللىتىنىڭ بىر ئەپسانىسىنى تىلغا ئېلىپ، مۇنداق دېگەن: «بۇ ئەپسانىدە ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى شۇ قەدەر خۇنۈكلەشتۈرۈلۈپ بايان قىلىنغانكى، بۇ ئەپسانە ئېھتىمال ئەپسۇنچىلار تەرىپىدىن ياھۇسقا ئوخشاش ھايۋان سۈپەت ئادەملەر ئۈچۈن پەيدا قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.» دۇنيانىڭ تەرەتتىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ئانچە كۆپ بولماي، ناھايىتى ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مەۋجۇد بولۇشى تۆۋەندىكى پەرەزگە يانتاياق بولۇپ بېرىشى تامامەن مۇمكىن. يەنى، ئەرلەر ھەقىقەتەنمۇ دۇنيانى تەرەت بىلەن ياراتقىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ نۇقتىنەزەر غايىۋى دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەردە پروپېكسىيلەنگەن.

ئەلۋەتتە، دۇنيانىڭ تەرەتتىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئوچۇق-ئاشكارە ئەپسانىلەرنىڭ كەمچىل بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئېھتىمال ئەپسانىلەرنىڭ ئىدىئاللاشتۇرۇلۇش جەريانى بولۇشى مۇمكىن. فېرىنكىزى ئۆزىنىڭ «مال-دۇنيا ھەۋىسىنىڭ يەككە گېنېئالوگىيەسى» دېگەن ماقالىسىدە بۇ جەرياننى ناھايىتى ئېنىق شەرھىلىگەن. ئۇ، جەمئىيەتتە ئېتىراپ قىلىنغان تۈرلۈك سىمۋوللۇق شەيئىلەر، ئالايلۇق، نەم توپا، قۇم، لاي، تاش، ھەتتا ئالتۇن ۋە پۇل قاتارلىقلارنىڭ رولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇسمۇرلەرنىڭ قىزىقىشى ئۆزلىرىنىڭ تەرىتىدىن يۆتكەلگەن دەپ قارىغان. بىراق ئانتروپولوگلار بۇ كۆز قاراشقا قارشى تۇرۇپ، فېرېنكزىنىڭ ئاتالمىش يەككە گېنېئالوگىيىسى پەقەت ۋېينىچە مەدەنىيەتكىلا باب كېلىدۇ دەپ مۇلاھىزە قىلىشىدۇ. لېكىن، ھەرقانداق مەدەنىيەتتە بالىلارغا چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىشنى ئۆگىتىشتەك مەزمۇنلار (جۈملىدىن، بالىلارنىڭ ئۆز تەرىتىنى خالىغانچە ئوينىشىغا يول قويماسلىق قاتارلىقلار) بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەپسانىلەر مەلۇم دەرىجىدە ئىدىئاللاشتۇرۇلۇشى تۇرغان گەپ. ئەمەلىيەتتىمۇ كىشىلەر يەۋروكلار (پوسىنسكى)، مۇھاۋىلار (دېۋېرېئوكس)، چىپپىۋالار (بارنوۋ ۋە ھاللوۋېل) ئارىسىدا ئاتالمىش كىشىلىك مەقەت تەبىئىتىنى بايقىغان. دېۋېرېئوكس مۇھاۋىلارنىڭ لايىنى تەرەتنىڭ سىمۋولى قىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە بايان قىلغان. بۇلاردىن باشقا، تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى باشلاش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشىنى بويىۋېلىشى ياكى يۈز-كۆزلىرىگە لاي سۈرتىۋېلىش ئادەتلىرىمۇ مەقەتلەشتۈرۈشنىڭ مەنىيەن ئاساسى بولۇشى مۇمكىن. ئالتۇن — تەرەت دېمەكتۇر، دېگەن بۇ تەگلىك فورمۇلاسىغا

كەلسەك، ئانتروپولوگلار مۇنۇ ئاجايىپ غەلىتە ھادىسىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك، يەنى ئاھۇئاتالارنىڭ تىلىدا 《ئالتۇن》 سۆزى teocuitlatl دېيىلىپ، cuitlatI (ئىلاھ) ۋە teotI (تەرەت، گەندە) سۆزلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان ئىكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تىلىدا ئالتۇن سۆزى 《ئىلاھنىڭ تەرىتى》 ياكى 《مۇقەددەس تەرەت》 دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. فرېنۇد سىمۋوللىزىمدىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ چۈشەنچىنى رېيىك 1915 - يىلىلا ئوتتۇرىغا قويغان. قارىماققا، بۇ چۈشەنچە مەدەنىيەت نىسبەت نەزەرىيىسىگە قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان ئانتروپولوگلارغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىگەندەك قىلىدۇ. 《ئالتۇن — تەرەت》 دېگەندىن ئىبارەت بۇ سىمۋوللۇق مەزمۇن ئىلاھسىز مەدەنىيەتكە باب كەلمىسۇ، ئۇنىڭ كۆپىنچە مەدەنىيەتلەردە مەلۇم دەرىجىدىكى ئىدىئاللاشتۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا ھەقلىقمىز. مۇبادا ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق بولسا، ئۇ ھالدا فېرېنكزىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەتتىن يارالغان دېگەن ئەپسانىنىڭ ئىدىئاللاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ تەدرىجى تەرەققىيات جەريانى ھەققىدىكى بايانى، دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىن ئېلىنغان توپىدىن يارىتىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرنى تەھلىل قىلىشتا ئانچە ئەھمىيىتى يوقلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. فېرېنكزى مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «بالىلارنىڭ تەرەتنىڭ غەلىتە سېسىق پۇرىقىغا بولغان قىزىقىشى تېخىچە يوقالغىنى يوق، پەقەت تەرەتنىڭ پۇرىقى باشقا سېسىق پۇراقلارغا ئورۇن بەردى، خالاس. ئومۇمەن، بۇ سېسىق پۇراقلار تەرەتنىڭ پۇرىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بالىلار يەنىلا غەلىتە پۇرايدىغان شىلىمشىق نەرسىلەرنىڭ سېسىق پۇرىقىغا بولغان قىزىقىشىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. ئۇلار بولۇپمۇ پۇرىقى كۈچلۈك، پوستى يۇيۇلغان ھەم ھۆججەيرىلىرى چىرىگەن نەرسىلەرگە تېخىمۇ ئامراقلىق قىلىدۇ. چىرىگەن-سېسىغان بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇۋاقلىرى ئۇلارنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدا، بۇرۇن، قۇلاقلىرى ۋە تىرناقلىرى ئارىسىدا قېتىپ قالىدۇ. بەزى بالىلار ھەتتا بۇ پاسكىنا نەرسىلەرنى سىقىمداپ تۇرۇپ پۇرىۋالغىنىغا قانائەت قىلماي، ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ». ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ دۇنيانىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلىرىنى بىلىدىغان كىشىلەر ئەرلەرنىڭ ئۆز بەدەنلىرىدىكى كىردىن دۇنيانى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقى، بۇرۇندىكى ماڭقىسى ئارقىلىق شەيئىلەرگە جان كىرگۈزگەنلىكىدەك كۆرۈنۈشلەرنى دەرھاللا ئېسىگە ئالالايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ مۇشۇ خىلدىكى ئەپسانىلەر ھەقىقەتەن مەۋجۇد. دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىكى تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىلەردىمۇ مۇۋەپپەقىيەتتە ئېرىشكۈچىلەر سۇ ئاستىدىكى لاي-توپىلارنى تىرناق ئارىسىغا ئاز-ئازدىن ئېلىپ چىققان دەپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ تەپسىلاتلار فېرېنكزىنىڭ تەھلىلى بىلەن تامامەن ئوخشىشىدۇ. تىرناق ئارىسىغا ئېلىنغان بۇ ئازغىنا نەرسىلەرنىڭ تەرەتنىڭكىگە ئوخشايدىغان خۇسۇسىيىتى ئۇلارنىڭ ئاجايىپ تېز كۆپىيىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ئادەملەرنىڭ تەرەت قىلىشى يەر شارىنىڭ ھەجمىنى ئۈزلۈكسىز چوڭايتىشىدۇر. (شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، يەر يۈزىدىكى لاي-توپىلار چوڭ تەرەتتىن پەيدا بولغان دېگەن بۇ نۇقتىئىنەزەر دېڭىز-ئوكيانلار كىچىك تەرەتتىن پەيدا بولغان دېگەن ئىدىيىنى شەكىللەندۈرۈشى مۇقەررەر. ئالايلۇق، بىز ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن چوكچىلارنىڭ ئەپسانىسىدە تەسۋىرلىنىشىچە، قاغا يەر-زېمىننى يارىتىپ بولۇپلا سىيىشكە باشلىغان. ئۇنىڭ بىر تامچە سۈيدۈكى بىر كۆلنى، بىر قېتىملىق سۈيدۈكى بىر دەريانى ھاسىل قىلغان).

ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا تارقىلىپ يۈرگەن دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىكى لاي-توپىدىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىلەردە

خرىستىئان دىنىدىكى ئىككى مەنبەچىلىكنىڭ شۇقەدەر كۈچلۈك ئەكس ئېتىشىدىكى سەۋەبىنى موشۇ پەرەز-قىياسلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. ئېرل كائۇنت دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىكى تۇپراقنى يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىلەردىكى ئىككى مەنبەچىلىكنىڭ خاراكتېرىنى مۇشۇ خىلدىكى ئەپسانىلەر تەتقىقاتىدىكى ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى دەپ قارىغان. ئۇ، ئېھتىماللىقى بولغان ئىككى مەنبەچىلىككە قارىغاندا، دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىكى تۇپراقنى يارالمىشى تېخىمۇ قەدىمىيمۇ، قانداق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئۇرۇنمىغان. بىراق، گونگاس ئىلگىرىكى ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى قۇۋۋەتلەپ، ئىككى مەنبەچىلىك كېيىن تەرەققىي قىلغان دەپ قارىغان. ئىككى مەنبەچىلىك ئادەتتە خۇدا بىلەن جىن-شەيتانلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت تەرىقىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. خۇددى پەرەز قىلغىنىمىزدىكىدەك، پەلسەپىدىكى ئىككى مەنبەچىلىك ئەنئەنىسىدە جىن-شەيتانلار تەن بىلەن، خۇدا روھ بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. شۇڭا، لاي-پاتقاق ئۈچۈن سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ، تىرناقلىرىغا ئاز-ئازدىن لايىنى ئېلىپ قايتقۇچىلارمۇ دەل شۇ جىن-شەيتانلاردۇر. فىرىنكزىنىڭ دۇنيانىڭ مەقەتتىن يارالمىشىنىڭ ئىدىئاللاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى بايانىدا شەيتاننىڭ ئاغزىنە لايىنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن لايىنى ئاغزىغا سېلىۋالغانلىقى، لېكىن خۇدا لايىنى كۆپەيتۈرگەندە شەيتان ئۇغرىلىقچە ئاغزىغا سېلىۋالغان ھېلىقى ئازغىنە لايمۇ تەڭلا كۆپىيىپ، شەيتان ئاشۇ لايىنى ئاغزىدىن چىقىرىۋېتىشكە مەجبۇرلانغانلىقى، شەيتان قۇسۇپ چىقارغان ئازغىنە لاي كېيىن تاغ قاپتاللىرى ۋە قىيا تاش بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىدەك قىزىقارلىق ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن. بۇ نۇقتىدا، ئىككى مەنبەچىلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان دۇنيانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى باشقا بىر ئەپسانە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، خۇدا يەر شارىنىڭ

چوڭقىيىشىنى توختىتىشقا ئامال قىلالماي، بۇنىڭ چارىسىنى تېپىش ئۈچۈن بىر ھەسەل ھەرىسىنى شەيتاننى ئاستىرتتىن نازارەت قىلىشقا ئەۋەتكەنمىش. ھەسەل ھەرىسى غۇڭۇلدىغىنىچە شەيتاننىڭ قېشىدىن خۇدانىڭ دەرگاھىغا بېرىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، شەيتان «سېنى كىم ئەۋەتكەن بولسا، پوقىڭنى شۇ يېسۇن» دەپ قاتتىق ۋارقىرىغانمىش. خۇدا ھەسەل ھەرىسىنىڭ پوقىنى يېگەن ئىكەن، يەر شارى چوڭقىيىشتىن توختىغانمىش. مۇبادا ھەسەل ھەرىسىنىڭ پوقىنى يېيىش بىلەن يەر شارىنىڭ چوڭقىيىشىنى توختاتقىلى بولسا، ئۇ ھالدا يەرشارىنى شەكىللەندۈرگۈچى ماددا، يەنى تەرەتنىڭ ماھىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىككى مەنبەچىلىك ئىپادىلەنگەن دۇنيانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى يەنە بىر ئەپسانىدە ھەتتا كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن تەرەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش مۇددىئا قىلىنغان. بۇ ئەپسانىدە دېيىلىشىچە، خۇدا ئىنسانلار ئۈچۈن پاك بەدەننى ياراتقانمىش، لېكىن ئۇنىڭغا روھ تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ۋاقتىنچە ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغانمىش. بىراق، خۇدانىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، شەيتان ھېلىقى پاك تەننى مەينەت قىلىۋەتكەنمىش. خۇدا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نائىلاجلىقتىن ئۆزى ياراتقان تەننىڭ ئىچ-تېشىنى نەچچە قېتىم ئۆرۈپ-چۆرۈگەنمىش. مانا بۇ ئادەمنىڭ ئۈچىيىدە ئايرىلاشما نەرسىلەرنىڭ بولۇشىدىكى سەۋەبىمىش. مانا موشۇ بىرقانچە مىسالمۇ ئىككى مەنبەچىلىكتىكى ئاساسلىق مەسىلىنىڭ ماددىي سارقىندى-چۆكۈندىلەر بىلەن روھىي ماھىيەتنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكەنلىكى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. روشەنكى، شەيتان ماددى بىلەن، بولۇپمۇ تەرەت بىلەن باراۋەرلەشتۈرۈلگەن. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، پاسكىنا-قارا ئىش قىلىدىغانلار جىن-شەيتانلار بولۇپ چىققان. شۇڭا، كونگاس روھىي ھالەت

بىلەن بەدەننىڭ ئاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ ئىككى مەنبەجىلىكىنى، يەنى تەندىن ئايرىلالايدىغان روھ ئۇقۇمى بىلەن خرىستىئان ئەنئەنىسىدىكى ئىككى مەنبەچىلىكنىڭ ئاساسى بولغان روھ ئۇقۇمىنى ئىنتايىن توغرا بايقىغان. لېكىن، ئۇ، ياراتقۇچى ۋە ياراتقۇچىنىڭ «ئەرۋاھ»ى روھىي نەرسە ياكى روھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن. بۇ توغرا ئەمەس. ئىككى مەنبەچىلىك ھامان بىر ماددىي سۇبستانسىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بولۇپمۇ دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىكى لاي-توپىدىن يارالمىشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ ھەم لاي-توپىنى، ھەم لاي-توپىدىن گۈزەل ۋە قىممەتلىك نەرسىنىڭ يارىتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يەرشارىنىڭ سۇ ئاستىدىكى لاي-توپىدىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ئىلگىرى پسىخىكا ئانالىزى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىنغان ئىدى. ئالايلۇق، ئانتروپولوگ گېزاروھېم بىرىنچى بولۇپ پسىخىكا ئانالىزى مېتودى بويىچە ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ئەپسانىلىرىنى كۆپلەپ تەتقىق قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىدە خەلق چۆچەكلىرىنى چۈشكە ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەرسە دەپ قاراش بىلەن بىرگە، فرېئۇد ئابراھام ۋە رانكلار ئوتتۇرىغا قويغان قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلىش خاھىشىنى ئىپادىلىگەن. بىراق، كېيىن ئۇ، ئاراندالارنىڭ تىلىدىكى «altjira» سۆزىنىڭ ھەم «چۈش»، ھەم «چۆچەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، چۈش بىلەن خەلق چۆچەكلىرى ياكى ئەپسانىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تېخىمۇ يوشۇرۇن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. ئۇ بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن «باللار چۆچىكى ۋە چۈش» دېگەن ئەسىرىدە مۇشۇ يېڭىچە ئەپسانە نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلق چۆچەكلىرىنى چۈشەندۈرگەن. بۇ نەزەرىيە بويىچە قارىغاندا، چۈش ئەپسانە بىلەن ئوخشىشىپلا قالماي، ئەپسانىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلىيەتتە چۈشتىن پەيدا بولغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز چۈشكە تەبىر بېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىسىنى چۆچەكلەرنى تەھلىل قىلىشقا تەدبىقلاش بىلەن بىرگە، چۆچەك ۋە ئەپسانىلەرنى پۈتۈنلەي چۈشتىن پەيدا بولغان دەپ قاراشقىمۇ ھەقلىقمىز. بىر ئادەم ئۆزى كۆرگەن چۈشنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشى، باشقىلارمۇ ئۇنى ئۆزلىرىدىن بۆلەك كىشىلەرگە يەنە سۆزلەپ بېرىشى ۋە بۇ جەرياندا ئۇنى ئۆزلىرى كۆرگەن چۈش بويىچە بېيىتىشى مۇمكىن. ئې.ك. شىۋاس بۇ نەزەرىيىنى ئوچۇق-ئاشكارە تەنقىد قىلىپ مۇنداق دېگەن: «چۆچەك ۋە چۈش ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، پسىخىكا ئانالىز ئۇسۇلى ۋە ماھارىتىنى قوللىنىشقا بولىدۇ، ئەكسىچە، خەلق چۆچەكلىرى چۈشنىڭ شەرھىسى ۋە كۆپەيتۈرمىسى دېگەن پەرەزنى قوبۇل قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.» شىۋاس ئۆزىمۇ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ يىغىنچاقلاش، ئالماشتۇرۇش ۋە سىمۋوللاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون ئىككى تۈرلۈك ئالاھىدىلىكىنى چۈشىدە كۆرگەنلىكىنى مىسال ئالغان. لېكىن، ئۇ خەلق چۆچەكلىرى چۈشتىن پەيدا بولغان دېگەن پەرەزنى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. ئىپتىدائىي ئەپسانىلەر تەتقىق قىلىنغان «چۈش بوسۇغىسى» ناملىق بۇ زور ھەجىملىك ئەسەردە روھىم بۇ تەنقىتنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئۇ، بۇ تەنقىدنى قايتا تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: «مۇبادا چۈش دېگەن نەرسە مەۋجۇد بولمىغان تەقدىردىمۇ ئاڭسىزلىق يەنىلا ئاشۇنداق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق چۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟» ئۇنىڭ جاۋابى، ئەپسانىلەر چۈشتىن پەيدا بولغان دېگەن نەزەرىيە مەزمۇن جەھەتتىكى بىردەكلىكلەرنىلا ئەمەس،

ھەتتا قورۇلما ۋە ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتى ھەممە تەتكىي كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئوخشاشلىقلارنىمۇ چۆشىنىدۇرۇپ بېرەلەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ، تەنقىدنىڭ توپ نۇقتىسىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگەن، يەنى نېمە ئۈچۈن چۆچەك ياكى ئەپسانىلەر ئىنسانلارنىڭ روھىي ھالىتىدىن پەيدا بولماي، ئەپسانىلەر ۋاستىلىق ھالدا چۆچەكتىن پەيدا بولغان بولىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى زادىلا بىلگىلى بولمايدۇ. روھىينىڭ نەزەرىيىسى ئۇنىڭ دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىكى لاي-توپىلاردىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ئۈستىدە يۈرگۈزگەن تەتقىقاتلىرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھەتتا دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر — «ئەپسانىلەرنىڭ چۆچەكتىن پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى» دېگەن. روھىيم ئاتالمىش ئاساسىي چۈش دېگەن نەرسىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى قىياس قىلغان. بۇ ئاساسىي چۈشتە چۈش كۆرگۈچى مەلۇم بىر نەرسىگە، يەنى يا كۆلگە. يا چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتەرمىش. روھىيمنىڭ قارىشىچە، چۈشنىڭ بۇنداق ئالامىتى «قوش يۆنىلىشلىك ھەرىكەت» تە بولارمىش. قوش يۆنىلىشلىك ھەرىكەت يا بالىياتقۇغا قايتىپ كىرىش، يا تەن زەكەر تەرىقىسىدە جىنسىي يولغا كىرىشتەك ئىككى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالارمىش. دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنى مۇشۇنداق ئاساسىي چۈشنىڭ ئۆرنىكى دەپ چۈشەندۈرگەندە روھىيم توپانىڭ بالىياتقۇغا كىرىپ كېتىشىنى قوپماق دەپ قارىغان. مۇھىم نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى، روھىيمنىڭ دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ بىر مەنبەچىلىك گېنېئالوگىيىسى توغرىسىدىكى تەشەببۇسى بولۇپ، ئۇنىڭدا «بۇ ئەپسانىنىڭ ئېگىزى ھەقىقەتەن بىر چۈش بولۇپ، ئۇ ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىش داۋامىدا ئەپسانە بولۇپ قالغان» دېيىلگەن.

راستىنى ئېيتقاندا، روھىيمنىڭ ئەپسانىلەرنىڭ مەنبەسى چۈش دېگەن بۇ ئومۇمىي نەزەرىيەسى قانداقتۇر بىر مەنبەچىلىك گېنېئالوگىيىسى مەسىلىسىگە ياتمايدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم مەلۇم بىر يەردە چۈش كۆرگەن بولسا، بۇ چۈشتىكى ۋەقەلىك ئۇنىڭ كۆچۈشىگە ئەگىشىپ باشقا جايلارغا تارقىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مۇشۇنداق چۈشلەرنى كۆرگەن ۋە ئۇلارنى ۋەقەلىككە ئايلاندۇرغان. كېيىن بۇ ۋەقەلىكلەر ئاستا-ئاستا يىغىنچاقلانغان ۋە تارىخىي جەريانىدا ئۆز ئارا سىڭىشىپ، تەسىر كۆرسىتىشكەن.»

روھىيمنىڭ دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىكى لاي-توپىدىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنى چۈشەندۈرۈشنىڭ توغرىلىقى، ئالدى بىلەن، ئۇنىڭ ئەپسانىلەرنىڭ مەنبەسى چۈش دېگەن نەزەرىيىسىگە. ئاندىن ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالمىش ئاساسىي چۈشنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرىگە باغلىق ھالدا بەلگىلىنىدۇ. روھىيمنىڭ كۆزقارىشىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش ھاجەتسىز. چۈنكى، ئەپسانىلەرنىڭ مەنبەسى چۈش دېيىلسۇن، ياكى «ئاساسىي چۈش» دېگەن نەرسە مەۋجۇد دېيىلسۇن، ئۇلار دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ يوشۇرۇن مەزمۇنىنى چۈشىنىشتە بەرىبىر ئەھمىيەتسىز. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرگە بەزى قوشۇمچە ئىزاھاتلارنى بېرىش داۋامىدا، روھىيم موشۇ خىل پەرەزنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن. يەرشارىنىڭ تەدرىجىي چوڭىيىشىدىن ئىبارەت بۇ ئالامەتنى مۇھاكىمە قىلغاندا، روھىيم ئۇرنىدا كالارنىڭ ئەپسانىسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، شۇ ئەپسانىدىكى ھامىلدار ئايال بىلەن يەرشارىنىڭ چوڭىيىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى كۆرسەتكەن. ھازىرقى موشۇ پەرەز بويىچە قارىغاندا، مۇشۇنداق ئوخشاشلىق ئارقىلىق دۇنيانى ياراتقۇچى ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئوخشاش يارىتىش ئىقتىدارى-

غا ئىگە بولۇشىنى، ئۆز بەدىنىدىن چىقىرىلغان نەرسىنىڭ بوۋاق بولۇپ قېلىشىنى، بۇ بوۋاقنىڭ خۇددى ئاياللارنىڭ ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكىدەك ئاستا-ئاستا، تەدرىجىي چوڭىيىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ناھايىتى تەبىئىي ھالدا قىياس قىلىشقا بولارمىش. روھىيەت يەنە ئۆزى ئوخشىشىپ كېتىدۇ دەپ قارىغان ئەپسانىلەرنى، يەنى «يەرشارىنىڭ تۇخۇمدىن يارالمىشى ياكى دۇنيانىڭ مەقەتتىن يارالمىشى» ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنى تىلغا ئالغان. خۇددى ماقالىمىزنىڭ ئاخىرىدا ئېنىق چۈشەندۈرمەكچى بولغىنىمىزدەك، روھىيەت دىققەت-ئېتىبارىنى دۇنيانىڭ تۇخۇمدىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرگە قاراتقان. بۇنىسى ناھايىتى توغرا. ئۇ يەنە ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا كەڭ تارقالغان ئىككى مەنبەچىلىك گېنئالوگىيىسى ھەققىدىمۇ مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن. ئىككى مەنبەچىلىك گېنئالوگىيىسىدە ئالۋاستىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيۋاتقان لايىنى ئۆز ئاغزىدا ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، روھىيەت بۇنى مۇنداق تەھلىل قىلغان: «مۇبادا ئۇچەيىنى ئېغىز دەپ قارىساق. ئۇ ھالدا بۇ ئەپسانىنى چوڭ تەرەتنىڭ بېسىمىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىشتىن ئىبارەت بىر چۈش دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ». ياشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، روھىيەت دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەردىكى تەرەت ئارقىلىق يارىتىلغان دېگەندەك تەرەپلەرنى ھەققەتەن تونۇپ يەتكەن ھەمدە ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ئەپسانىلەرنىڭ مەنبەسى چۈش دېگەن نەزەرىيىسىگە ماس ھالدا «ئەپسانىلەر دەسلەپتە پەقەت بىر چۈش، يەنى تەرەت قىلىش تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدىن پەيدا بولغان بىر چۈشتىنلا ئىبارەت ئىدى» دەپ قارىغان. توپان ئەپسانىسىنى دوزاق ھەققىدىكى چۈشنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى دەپ چۈشەندۈرۈش داۋامىدا روھىيەت رانكنىڭ ئەگەشكۈچىسى بولۇپ قالغان.

دەرۋەقە، بەزى چۆچەكلەر ۋە ئەپسانىلەرنىڭ تەرەت قىلىش بېسىمى ئاساسىدا ياكى ئويقۇ ئارىسىدا پەيدا بولغان دېگەن كۆز قاراشنى ياقلاش ئۈچۈن بىرمۇ ياخشى مىسال تاپالىشىمىز مۇمكىن. خۇددى فرېئود ۋە ئوپپېنھېيم تولۇق كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك. بۇنداق مىساللار ياۋروپادا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ چۆچەكلەردە بەزى كىشىلەرنىڭ كۆمۈپ قويۇلغان مال-دۇنياغا بەلگە قىلىپ قويغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن، ئويغانغاندا ئۆز بەدىنىگە ياكى نامىنى يۇشۇرغان شېرىكلىرىنىڭ بەدىنىگە چېچىپ قويغان مال-دۇنيالارنى تېپىۋالماقچى بولغانلىقى ھېكايە قىلىنغان. رادىن ئېلان قىلغان ۋىننىپاگولارنىڭ چۆچىكىدىن مونۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئاساسنى تاپقىلى بولۇشى مۇمكىن. بۇ چۆچەكتە بىر يالغانچىنىڭ تەرەت ماڭغۇزىدىغان پىياز باشلىق ئۆسۈملۈكنى يەۋېلىپ، ھە دەپ تەرەت قىلغانلىقى، ئۈزلۈكسىز ئۆرلەۋاتقان تەرەت دۆۋىسى دەستىدىن بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغانلىقى ھەمدە بارغانسېرى يۇقىرىغا يامىشىشقا مەجبۇر بولغانلىقى، ئاقىۋەت، ئامالسىزلىقتىن، توختاۋسىز كۆپىيىۋاتقان تەرەت دۆۋىسىگە يىقىلىپ چۈشكەنلىكى سۆزلەنگەن. بۇ يالغانچىنىڭ تەۋەككۈلچىلىكىگە ئائىت يەنە بىر رىۋايەت بارنوۋنىڭ چىپپىۋالارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى تەسۋىرىدە زىكىر قىلىنغان. مۇبادا بىر باشلىنىپ كەتسە توختاتقىلى بولمايدىغان بۇنداق ھەرىكەت نوقتىسىنەزەرى ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا كەڭ تارقالغان ۋە بايا بىز نەقىل كەلتۈرگەن تەگرىنىڭ يەرشارىنىڭ چوڭىيىشىغا ئامالسىز قالغانلىقى ھەققىدىكى تەسۋىرلەردىمۇ تىلغا ئېلىنغان. تەگرىنىڭ دۆۋىلىنىپ كەتكەن تەرەتلەرنى يەۋېتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆپىيىشىنى توختاتماقچى بولغانلىقى ئاساسىي ۋەقەلىكى جەھەتتىن يالغانچى ھەققىدىكى باشقا بىر رىۋايەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ رىۋايەتتە يالغانچىنىڭ تەرىتى كەلكۈن بىلەن بىللە

كۆپۈپ، ئۇنىڭ ئېغىز-بۇرۇنلىرىغىچە ئۆرلىگەنلىكى سۆزلەنگەن. بىراق، چۈشنى مەنبە قىلغان ياكى چۈشنى مەنبە قىلمىغان بولسىمۇ «تەرەتنىڭ بېسىمىدىن شەكىللەنگەن ئەپسانە»لەرنىڭ مەۋجۇد بولۇشى تەرەت بېسىمىنىڭ دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ بىردىنبىر تۈپكى سەۋەبى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنى چۈشكە ئوخشايدىغان بىر خىل فۇنكسىيىلىك تەلەپتىن پەيدا بولغان ھەمدە ئەرلەرنىڭ ھامىلدارلىق قىزغىنىشى ۋە مەقەت ئارقىلىق تۇغۇشتەك روھىي ھالىتى بىلەن مۇناۋەتسىز ئەپسانىلەردىنلا ئىبارەت دەپ قاراش مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئەپسانىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى پىسخىك ئامىللارنى ھەددىدىن ئارتۇق ئاددىيلاشتۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. شۇنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇش كېرەككى، روھېم ئەزەلدىنلا چۈش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا بولغان چوقۇنۇش توغرىسىدىكى ئىزاھاتى بىلەن دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنى تەرەتنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىشتەك چۈشتىن پەيدا بولغان دېگەن ئىزاھاتىنى بىرلەشتۈرگىنى يوق. ئەلۋەتتە، بىرەر پەرەزنىڭ كۆپ خىل سەۋەبلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى تامامەن مۇمكىن، لېكىن، روھېمنىڭ ئىككى خىل ئىزاھاتى ئۆز-ئارا زىددىيەتلىكتەك تۇرىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، روھېم دۇنيانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنى ھامان چۈشتىنلا ئىبارەت، چۈش ئەپسانە نەزەرىيىسىدىكى ئاساسلىق دەلىل-ئىسپات دەپ قارىغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «دۇنيانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر قەيەردە مەۋجۇد بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چۈش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ، ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن.» دۇنيا مەقەتتىن يارىتىلغان دېگەندىن ئىبارەت ئەرلەرنىڭ ھامىلدارلىققا بولغان قىزغىنىشىنىڭ ئۆرتكىسى بىلەن شەكىللەنگەن بۇ ئەپسانىچىلىق ئىدىيىسى بىلەن ئەپسانىلەرنىڭ مەنبەسى چۈش دېگەن بۇ نەزەرىيە ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوق. بۇنداق دېيىش چۈش نەزەرىيىسى پۈتۈنلەي كېرەكسىز نەرسە دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى بۇ ئىككى خىل پەرەزنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر توغرىسىدىكى پىسخىك تەھلىلىمىزنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماددىي ماتېرىياللار بىلەن دەلىللەش ئۈچۈن، دۇنيانىڭ يارالمىشى توغرىسىدىكى باشقا بىرقانچە ئەپسانىلەر ئۈستىدە ناھايىتى يۈزەكى مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ كۆرىمىز. روھېم دۇنيانىڭ تۇخۇمدىن يارالغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرگە دىققەت قىلغان، بۇ نۇقتىنى بىز باشتىلا ئەسكەرتكەن ئىدۇق. كېلىنىكىلىق پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھامىلدار بولۇش خىيالىدا بولغان ئەرلەر مىكىيانىنىڭ پائالىيەتلىرىگە، بولۇپمۇ مىكىيان تۇخۇم تۇغقان چاغدىكى ھالەتكە ئالاھىدە قىزىققان. لومبوروسو تەلۋىلەشكەن بىر ساختا سەنئەتكارنىڭ ئۆز رەسىمىنى، يەنى ئۆزىنىڭ مەقەت ئارقىلىق دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارغا سىمۋول قىلىنغان تۇخۇمنى چىقىرىۋاتقانلىقىنى سىزغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇندىن باشقا، فېرېنكزى ئاتالمىش «تەرەتتىن تۆرەلگەن بالا بىلەن تۇخۇم ئوتتۇرىسىدىكى سىمۋولنىڭ بىردەكلىكى»نى ئالاھىدە بايان قىلغان. ئۇ، تۇخۇمغا بولغان پەۋقۇلئاددە ئامراقلىق «ئېپتىدائىي تەرەت خۇمارلىققا تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئابستراكتلاشقان پۇل خۇمارلىققا ئوخشايدىغان تەرەپلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس» دېگەن. دەرۋەقە، دۇنيانىڭ تۇخۇمدىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنى شىمالىي ئامېرىكىدا ئۇچرىتالمىساقمۇ، بۇ تىپتىكى ئەپسانىلەرنىڭ شۇقەدەر كەڭ تارقىلىشى پۈتۈن

دۇنيانى قاپلاشقا يېتەرلىكتۇر. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ ئەپسانىلەر ئىچىدە ئەرلەرنىڭ تۇخۇمدىن تۆرەلمىشى ھەققىدىكى ۋە دۇنيانىڭ تۇخۇمدىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر بار.

شىمالىي ئامېرىكىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئارىسىدا تارقالغان دۇنيانىڭ مەقەت ئارقىلىق يارىتىلمىشى ھەققىدىكى يەنە بىر ئەپسانىدە ئۆمۈچۈك ياراتقۇچى قىلىنىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئۆمۈچۈك ئەپسانىسى نەڭ ئاۋۋال كالىفورنىيىدە ۋە غەربىي جەنۇبىي رايوندا ئېلان قىلىنغان بولۇپ. ئۇ، رۇسى شىمالىي ئامېرىكىدا بايقىغان دۇنيانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى سەككىز خىل ئەپسانە تىپىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆمۈچۈك ياراتقۇچى قىلىنغان ئەپسانىلەرنى ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۆمۈچۈكنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتىنى كۆزىتىش نەتىجىسىدە تۆۋەندىكىدەك ئوي-پىكىر ئاسانلا پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، يەنى ئۆمۈچۈك ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان بىر ياراتقۇچى، ئۇ ئۆز دۇنياسىنى، يەنە كېلىپ ناھايىتى گۈزەل ھەم نەپىس دۇنيانى ياراتقان. پىسخىكا ئانالىزچىلىرى ئۆمۈچۈك ئانىنىڭ سىمۋولى دەپ چۈشىنىشكە مايىللاشقان بولسىمۇ، فرىئۇد خەلق چۆچەكلىرى ئارىسىدىن مۇنداق بىر مىسالنى، يەنى ئۆمۈچۈك تورىنىڭ تەرەتنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىگە دائىر بىر مىسالنى بايقىغان. پروئىسلىيەلىكلەرنىڭ بىر رىۋايىتىدە ساماۋىي دۆلەتتىن يەر يۈزىگە قايتىپ چۈشمەكچى بولغان بىر دېھقانىنىڭ يېتىر تەرىپىدىن بىر ئۆمۈچۈككە ئايلاندۇرۇلغانلىقى، ئۆمۈچۈك سىياقىدىكى ھېلىقى دېھقانىنىڭ ئاغزىدىن ئۇزۇن-ئۇزۇن قىللارنى چىقىرىپ، شۇ قىللارنى بويلاپ يەرگە چۈشكەنلىكى، ئۆز ئۆيىنىڭ ئۈستىدىكى بوشلۇقتا ئەمدىلا يېتىپ چۈشكەندە، ئۇ قىل چىقىرالمايدىغان بولۇپ قالغىنىدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن قىلنى يەنە بىر ئاز ئۇزارتىش نىيىتىدە جىنىنىڭ بېرىنچە قورسىقىنى سىققانلىقى ۋە جان تالاشقانلىقى، دەل شۇ پەيتتە ئۇ چۈجۈپ چۈشىدىن ئويغانغانلىقى ۋە ئۆزىدە ھېلىقى تەبىشي ئىشنىڭ بولغانلىقىنى سەزگەنلىكى سۆزلەنگەن.

ئەرلەرنىڭ بەدىئىي ئىجادكارلىقىنىڭ مۇكەممەل سىمۋولى قىلىنغان ئۆمۈچۈك ۋايىتمەننىڭ «ئۆمۈچۈك» دېگەن شېئىرىدا ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن، بۇ شېئىردا ئۆمۈچۈك شائىرنىڭ روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ «پايانسىز بوشلۇقتىكى دېڭىز»دا يىگانە ھالدا گىگانتلارچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقى ۋە ئىچىدىن قىل چىقىرىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئىپتىدائىي ئۆمۈچۈك ئەپسانىلىرىنى چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق تەھلىل قىلماي تۇرۇپمۇ ئۇلاردىكى ياراتقۇچىلارنىڭ خۇددى دۇنيانىڭ ئەرلەر تەرىپىدىن يارىتىلمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەردىكىگە ئوخشاش، ئاياللار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەتتە بولمىغان ئەھۋالدىمۇ بىر نەرسىنى يارىتالايدىغانلىقىنى تامامەن بايقىغىلى بولىدۇ. ياراتقۇچى ئەرلەر دۇنيانى مەيلى ئىچىدىن قىل چىقىرىش، ئەم تۈپىنى سىقىمداش ۋە تۇخۇم تۇغۇش ئارقىلىق ياراتقان بولسۇن، ياكى شىلىمشىق نەرسە ۋە پوست توقۇلمىلىرى بىلەن ياراتقان بولسۇن ۋە ياكى سۇ ئاستىدىن تەرەتكە ئوخشايدىغان لاي-پاتقاقنى ئېلىپ چىقىپ ياراتقان بولسۇن، بۇ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىدىكى پىسخىك ئامىللار تامامەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

تىرىلدۈرگۈچى پراياپاتىنىڭ يەرشارىنى ياراتقانلىقى ھەققىدىكى بىر تەسۋىردە «تىرىلدۈرگۈچىنىڭ دەسلەپتە ئۆتكۈچى بورانغا ئايلىنىپ، ئىپتىدائىي دېڭىزنى چايقىغانلىقى، دېڭىز قەھرىدىكى يەرشارىنى كۆرگەندىن كېيىن، قاۋانغا ئۆزگىرىپ، يەرشارىنى ئارتىپ چىققانلىقى» سۆزلەنگەن. دۇنيانىڭ مەقەتتىن چىققان يەلدىن يارالمىشى ھەققىدىكى يەنە بىر قەدىمىي ئەپسانە بابىلدىكى ئەلەمدارلار ئىلاھى رىۋايەتلىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇ رىۋايەتتە ئەلەمدارلار ئىلاھىنىڭ تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن

تىئامەسىنى بويسۇندۇرغانلىقى ھېكايە قىلىنغان: ئەلەمدارلار ئىلاھى زەھەرلىك يەلنى قويۇپ بېرىپ، تېئامەسىنىڭ ئاغزىغا كىرگۈزىدۇ. زەھەرلىك يەل ئۈزلۈكسىز كىرىۋەرگەچكە تىئامەس ئاغزىنى يۇمالماي، نىھايەت ئۇنىڭ ئىچى-قارنى زەھەرلىك يەلگە تولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەلەمدارلار ئىلاھى تىئامەسىنىڭ قارنىنى يېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەر سىياقىدىكى ئەلەمدارلار ئىلاھى زەھەرلىك يەل بىلەن ئايال سىياقىدىكى تىئامەسىنى ھالاك قىلىدۇ. ئەلەمدارلار ئىلاھى ئۆز رەقىبى بولغان ياراتقۇچى ئايالنىڭ قورسىقىنى يېرىپ تاشلايدۇ، ئايال بولسا. يېرىلغان قورسىقى بىلەن دۇنيانى يارىتىدۇ. بۇنداق مىسالنى «ئىنجىل» دىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. كونكاس ئۆز قارىشىنى ناھايىتى ئىخچام ھەم بىۋاستە بايان قىلىپ، تەڭرىنىڭ ئىپتىدائىي دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەن روھى بىلەن دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىن يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر خىل تۈپكى ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى، بۇ ئورتاقلىق دۇنيانىڭ ئەرلەر تەرىپىدىن يارىتىلمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ خىل ئەپسانىلەردىكى تەسۋىرلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەر ياراتقۇچىلار قوللىنىشقا بولىدىغان بىردىنبىر ۋاستىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن پايدىلانغانلىقىنى، قوللىنىشقا بولىدىغان بۇ بىردىنبىر ۋاستىنىڭ مەقەتنىڭ ئىجادچانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

شۈبھىسىزكى، تايىنىلغان پاكىتلار فىرېزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە رەتكە تىزىلغانلا بولسا، شۇنداقلا. پاكىت ئالدىدا بىردىنبىر ئەيىبلىنىدىغىنى خۇددى تۈگمەندىن چىققاندەك، يەنى قىل قىرىق يېرىلغان نەرسە بولسىلا، ئۇ ھالدا بۇنداق نۇقتىئىنەزەر ھامان ئانتروپولوگلارنىڭ گۇمانىنى قوزغايدۇ. بۇندىن كېيىنكى نەچچە ئون يىللىق دالا خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى مۇشۇنداق ئېھتىماللىقنى ئىسپاتلىغۇسى. كروكھون گەرچە پۇتكۇل ئىنسانىيەت سىمۋوللىزمىغا جاھىللىق بىلەن گۇمانلىنىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە ھەمكارلاشقۇچىسىنىڭ دالا خىزمەتلىرى ئۇنى مۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى ئاخىر ئېتىراپ قىلغان ئىدى. بۇ يەكۈن «فرېئۇد ۋە باشقا روھىي ئانالىزچىلار ئومۇمىي دىنامىكلىق روھتىكى مەركىزىي تېمىنى ناھايىتى توغرا تەسۋىرلىگەن. بۇ تېمىلارنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇللىرى ۋە كۆپىنچە ئاشكارە مەزمۇنلىرى ئەمەلىيەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئېگىزلىك رول ئوينايدىغان روھىي ھالەت مەنزىرىلىرى مەدەنىيەت پەرقلىرىدىن ھالقىپ كەتكەن» دېگەندەكلەردىن ئىبارەت. كروكھون قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ قىياسلىرىنى بەدەن ئاناتومىيىسى ۋە فىزىئولوگىيە دېگەنگە ئوخشاش مەلۇم ساندىكى كىشىلەرگە «مەلۇم بولۇپ بولغان شەيئىلەر» ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇشقان. دەرۋەقە، بۇ «مەلۇم بولۇپ بولغان شەيئىلەر» توغرىسىدىكى ئوي-پىكىرلەر ئوخشاش مەزمۇن ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىمالى مۇقەررەر بولۇشى مۇمكىن.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەرلەر ھامىلىدارلىققا قىزغىنىش نۇقتىئىنەزەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ يارىتىلغان نەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ خىل كۆز قاراش تەجرىبە ئارقىلىق، يەنى مەدەنىيەتنىڭ ماتېرىياللاشتۇرۇلۇشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان. لېكىن، ئاياللارنىڭ ھامىلىدار بولۇشىنى كۆزىتىش دېگەندەك بەزى تەجرىبىلەر ئەگەر ئومۇمىي بولسا، ئۇ ھالدا قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدىغان ياكى ئاپىرىدە بولغان «مەلۇم بولغان شەيئىلەر» مەۋجۇد. «مەلۇم بولغان شەيئىلەر» دېگەن بۇ ئېرمىن جامائەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان، مۇئەييەن بىر مەزمۇندا قوللىنىلغان دېيىشكە بولىدۇ. «مەلۇم بولۇپ بولغان شەيئىلەر» ئەپسانە تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم

ئەھمىيەتكە ئىگە. مەدەنىيەت نىسپىيەت نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئەپسانىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك تەتقىق قىلىنغان ئاشۇ بىردىنبىر قىسمى مۇئەييەن بىر مەدەنىيەتكە خاس بولغان شۇ ئەپسانىلەر ياكى كەڭ تارقالغان ئەپسانىلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىدىكى پەرقلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بۇ نۇقتىنى كىشىلەر ئاللىبۇرۇنلا كۆرسەتكەن. خۇددى شۇنىڭدەك، سۆزمۇ سۆز چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق پىكىر تەكرارلانغان ئەپسانىلەردىن ئانتروپولوگىيىگە دائىر بىر تالاي ماتېرىياللارنى توپلىغىلىلا بولىدۇ، خالاس. ئەگەر ئەپسانە تەتقىقاتىدا سىمۋولىزم ۋە ئومۇمىيلىق قىياسى بولمايدىغان بولسا، ئەپسانىلەر ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئانتروپولوگلار ئۈچۈن ھېچقانچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. شۇنىسىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا، ئومۇمىيلىق نەزەرىيىسىنى قوبۇل قىلىش بىلەن مەدەنىيەت نىسبىيەت نەزەرىيىسىنى ياقلاش ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش مەۋجۇد ئەمەس. بۇ «يا ئۇنداق بولۇشى كېرەك، يا مۇنداق بولۇشى كېرەك» دېگەندەك مەسىلە ئەمەس. يەنى، بەزى ئەپسانىلەر ئومۇمىي بولۇشى مۇمكىن، يەنە بەزىلىرى ئۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن، دېمەك، ئانوغرا ئۇسۇل ھەددىدىن تاشقىرى تەۋەككۈلچىلىكتۇر. كۆپ مەنبەچىلىك گېنېئالوگىيىسى ۋە ئەپسانىلەرنىڭ كۆپ مەنبەدىن تارقىلىشى توغرىسىدىكى بەس-مۇنازىرىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ئەھۋال يەنىلا شۇنداق بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، مەدەنىيەت مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشىمۇ ياكى مەدەنىيەتنى رېفراكسىيە قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مۇشۇنداق دېيىشمۇ ئۆزئارا زىت ئەمەس. رېۋىي ستراۋس ئەپسانىلەرنى پسىخىكا ئانالىزى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈشنى تەنقىد قىلغان. چۈنكى، خۇددى ئۇ ئۆزى كۆرسەتكىنىدەك، مۇبادا ئەپسانىدە بىر ياۋۇز موماي بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا «مۇشۇنداق جەمئىيەتتىكى مومايلار ياۋۇز بولىدۇ. ئەپسانىلەر جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ» دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بىراق، ئاۋادا ئەمەلىي ماتېرىياللار ئۇنىڭ بىلەن زىددىيەتلىك بولۇپ قالسا، ئېھتىمال ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئەپسانىلەرنىڭ مەقسەت-مۇددىئاسى بوغۇلغان ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت دېيىشىمىز مۇمكىن. ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دىئالېكتىكا ئۆزىنىڭ ئاقلانغانلىقى بىلەن ئەپسانىلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى ئېنىق شەرھىلىگەنلىكىنى جاكارلاشقا ئامال تاپالايدۇ، خالاس». رېۋىي ستراۋس گەرچە بەزى پسىخىكا ئانالىزچىلىرىنىڭ «خوتۇنىڭنى يەنە ئۇرامسەن؟» دېگەندەك غەلىتە گەپ-سۆزلىرىنى تەنقىدلەپ، ناھايىتى توغرا ئىش قىلغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن نۆۋەتتىكى ماتېرىياللاردىن زىددىيەت تۇغۇلمايدۇ. يەنى، بۇ ماتېرىياللار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، A خىل مەدەنىيەتتىكى ياۋۇز موماي ئەمەلىيەتتە ئەپسانىلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ، لېكىن B خىل مەدەنىيەتتىكى سۆيۈملۈك مومايىنىڭ ئاڭلىق قىلمىشلىرى «ياۋۇز موماي»غا بولغان ئاڭسىز ھالەتتىكى غەزەپ-نەپرەتلىرى بىلەن نىقابلىنىشتەك ئەھۋاللار ئەپسانىلەردىمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەپسانىلەر ئاڭلىقلىق ۋە ئاڭسىزلىققا دائىر مەدەنىيەت دېتاللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ ھەم ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئاڭلىق مۇددىئا بىلەن ئاڭسىز مۇددىئانىڭ ئۆزگىرىش ۋە ئۆزئارا زىددىيەتلىشىش ئېھتىماللىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئەپسانىلەر ئانتروپولوگىيە ماتېرىياللىرىغا ئوخشىماسلىقى، ھەتتا ئازراقمۇ ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. ئى. ب. تالور تەشەببۇس قىلغان ئاقىلانە كېلىشتۈرمىچىلىك دېگەندەك نەزەرىيىلەردىن باشقا، قانداقتۇ يېمىرىلمەس، نۇقسانسىز ئەپسانە نەزەرىيىسى زادىلا مەۋجۇد ئەمەس. قايسى ئەپسانىلەرنىڭ مەدەنىيەتنى

ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى، قايسى ئەپسانىلەرنىڭ مەدەنىيەتنى رېفراكسىيە قىلغانلىقىنى ئېنىقلىۋېلىش ئۈچۈن، ئەپسانىلەر چوقۇم مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تەتقىق قىلىنىشى كېرەك. بىراق، بۇلاردىن باشقا، مەدەنىيەت نىسپىيەت نەزەرىيىسى مېتودىمۇ مەدەنىيەتتىن ھالقىغان ئوخشاشلىق ۋە يوشۇرۇن ئومۇمىيلىققا بولغان ئېتراپىنى ۋە تونۇشىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايدۇ. كروكھون ناھايىتى توغرا ئېيتقان: «توپتوغرا ئىككى دەۋرگىچە، ئانتروپولوگلار مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر بىلەنلا ھەپىلىشىپ، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇد بولغان ئوخشاشلىقلارغا ھەمدە بۇ ئوخشاشلىقلار ئاساسىدا تۇرغۇزۇلغان (ئومۇمىي مەدەنىيەت ئەندىزىسى) ۋە پسىخىكا ئورتاقلىقى»غا سەل قارىغان. پسىخىكا ئورتاقلىقىنى ئىزلەشنى مەقسەت قىلغان دالا تەجرىبىسى نەزەرىيەسى ماھىيەتتە مەزمۇنى كۆپ قاتلاملىق بىر خىل نەزەرىيىدۇر. ئىرقشۇناسلار ئەنئەنىۋى تونۇشلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا ئانتروپولوگلارنىڭ ئىرقىي مەركەزچىلىك ئۆلچىمىدە ھەزەر ئەيلىنىدىغان تەرەپلەرگە چېتىلىدىغان ماتېرىياللارنىمۇ توپلاشقا رازى بولۇشى كېرەك. يارامىلىق ئىرقشۇناسلار ئاز-تولا لايىغا مىلىنىپ يۈرۈپ بولسىمۇ، ھەممە يەرگە بېرىشقا قادىر بولۇشى لازىم. چۈنكى، ئەپسانىلەردە ئېيتىلغىنىدەك، بۇ ئاز-تولا لاي بىباھا نەرسىگە ئايلىنىشى، ھەتتا كۆيۈپ-چوكىيىپ، ئىنسانىيەتنى تەتقىق قىلىۋاتقان ئالىملىرىمىز ئۈچۈن يېپيېڭى بىر دۇنيا يارىتىپ بېرەلىشى مۇمكىن.

[1] «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1990-يىللىق 4-ساندىن تەرجىمە قىلىندى.[1]

## توپ ئويۇنى قوشىقى

بۇ قوشاق ئادەتتە قىز باللار توپ ئويناشقاندا ئېيتىلىدۇ. ئوينىلىدىغان توپ پاختا يىپىدىن توقۇلۇپ قىلىپ ياسىلىدۇ. ئاندىن توپنىڭ ئۈستى ھەرخىل رەڭدىكى يىپلار بىلەن بېزىلىدۇ (كەشتىلىنىدۇ). بۇ ئويۇندا ئادەم سانى چەكلەنمەيدۇ. قىز باللار چەمبىرەك شەكلىدە چۆرىدەپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، توپنى لەرزان كۆكلىتىپ بۇ قوشاقنى ئېيتىدۇ. كىمكى توپنى لەرزان كۆكلىتىپ ئويناش جەريانىدا بۇ قوشاقنى تولۇق ئېيتىپ بىلەن توپ رىتىمىغا كەلتۈرۈپ ئاخىرلاشتۇرالىسا شۇ يەڭگەن بولىدۇ.

چىگىچى بۇغدا يىچى،
ھەمىكى توغدا يىچى.
كېچىلەپ، كۈندۈزلەپ سۈرمە قوي،
سۈرمىنىڭ قايسى قىزى ئەڭ كىچىك؟
ئوپا قىزى.
ئوپىنى نەدىن ئالاي؟
باغۇجاننىڭ باغىدىن.
باغۇجان كىمگە تېگەر؟
ئۇستا قوۋان تازغا تېگەر.
ئۇستا قوۋان تازنىڭ نېمە-نېملىرى بار؟
ئالتۇن-ئالتۇن قوشلىرى،
قوشلارنى قوشلايلى.
تاز باشىغا مۇشتلايلى.
ئالتە پۇلغا رەڭ ئېلىپ،
تاز باشىنى بويايلى.
ئۇچۇپ چىقتىم ھاۋاغا،
سەكرەپ چۈشتۈم دەرياغا.
دەريا سۈيى قويۇلدى،
پاتمۇچۇقلار بويۇلدى.
بىرىنىڭ ئېتى كىزمۇللا.
بىرىنىڭ ئېتى سۇمۇللا.
ئاپئاق ساقال بوۋىلار،
بوۋىنى بوۋا دېمەڭلار،
بوۋىنىڭ بىر تال توكىدە،
يەتمىش ئارغامچا بولا.
ئېيتىپ بەرگۈچى: **گويا خان ھوشۇر**
توپلىغۇچى: **مۇختار مۇھەممەت**

# بىر باش پىيازنىڭ كاراماتى

ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرى سۇ پادىشاھلىقى بىلەن قۇرۇقلۇق پادىشاھلىقى ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە يىل ئۇرۇش بولغان ۋە بۇ سوقۇشتا سۇ پادىشاھلىقى يېڭىلگەنىكەن. ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، قۇرۇقلۇق پادىشاھلىقلىرىدىن بىرى بىرمۇنچە ئەمەلدار ھەم مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ بىر بۇلاق بويىغا كەلگەندە ئۇ يەردە غەرق قان ئىچىدە ئىڭراپ ياتقان بىر سۇ يىگىتىنى كۆرۈپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئەمەلدارلاردىن بىرى «خىزمەت كۆرسىتىشنىڭ پۇرسىتى كەلدى» دەپ قاراپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ سۇ يىگىتىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىۋەتمەكچى بوپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئۇنىڭغا:

— قولۇڭنى يىغ! ياربىدار، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈش مەردلىكتىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇشۇش پادىشاھلارنىڭ ئىشى بولۇپ، پۇقرا گۇناھسىز. بۇ ئادەمنى دەرھال ئېلىپ كېتىپ ئوردىدا داۋالىغىلار، — دەپ ئەمر قىپتۇ.

پادىشاھنىڭ تاپىلىشى، ئوردا تېۋىپلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى نەتىجىسىدە سۇ يىگىتىنىڭ جاراھەتلىرى ساقىيىپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە تالا-تۈزگە چىقىپ ئۇيان-بۇيان ئايلانغۇدەك بوپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوردا ئەھلى شۇنىڭغا ھەيران بوپتۇكى، سۇ يىگىتى ئوردا سىرتىغا زادى چىقمايدىكەن. شۇنچە كۆڭۈل ئېچىشلار بولۇپ تۇرسىمۇ پەقەت كۈلمەيدىكەن، كۈلۈش تۈگۈل بىرسى گەپ سورىمىغىچە بىر ئېغىز گەپمۇ قىلمايدىكەن. خىيال سۈرگىنى سۈرگەنىكەن. پادىشاھنىڭ بۇنىڭدىن ئىچى پۇشۇپتۇ ۋە بىر كۈنى ۋەزىرىنى چاقىرتىپ، سۇ يىگىتىنى شەھەر ئايلاندۇرۇپ سەيلى-تاماشا قىلدۇرۇشنى تاپىلاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ۋەزىر سۇ يىگىتىنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەر رەستىسىگە قاراپ راۋان بوپتۇ. بىر گۈزەرگە كەلگەندە بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ توپلىشىۋالغانلىقى كۆزگە چېلىقىپتۇ-دە، شۇ يەرگە بېرىپتۇ، قارىسا بىر رەمبال بىرمۇنچە ئوشۇق تاشلارنى ئۇياندىن-بۇيانغا يۆتكەپ «بېشى توققۇز، ئايىغى سەككىز كەلدى...» دەپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ پايدا-زىيانلىرى، كېيىن كۆرىدىغان كۈنلىرى ھەققىدە سۆزلەۋاتقان. سۇ يىگىتى بۇ ئەھۋالغا قاراپ بىر كۈلۈپتۇ-دە، نېرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. سۇ يىگىتىنىڭ كۈلۈشى ۋەزىرگە ھاۋا ئوچۇق كۈنى چاقماق چاققاندەك تۇيۇلسىمۇ، بىر نەرسە دېمەي يىگىتكە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ماڭا-ماڭا مۇزدۇزلارنىڭ دۇكانلىرى جايلاشقان يەرگە كەپتۇ. 30 ياش چامىسىدىكى بىر يىگىت مۇزدۇز ئۇستامغا قاراپ:

— ئۇستام، نېمە ئالسىلا مەيلى، دىگەنلىرىنى بېرىپ تولۇق رازى قىلىمەن. لېكىن، تىكىپ بەرگەن ئۆتۈكلىرى سۈپەتلىك، چىرايلىق، چىداملىق بولسۇن. 15 يىلدىن كەم چىدايدىغان بولۇپ قالمىسۇن! — دەپ ئېيتىۋاتقان ئىكەن. سۇ يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە قاتتىق بىر كۈلۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كۆپ جايلارنى ئايلانغان بولسىمۇ ئىككى قېتىملىق كۈلكىدىن باشقا يا كۈلمەپتۇ، يا گەپ قىلماپتۇ.

پادىشاھ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال سۇ يىگىتنى چاقىرىپ كۈلۈشىنىڭ سەۋەبلىرىنى سوراپتۇ. يىگىت شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— دەل رەمبال ئولتۇرغان يەردە ئىككى گەز چوڭقۇرلۇقتا ئاغزى بىلەن لىق تىللا قاچىلانغان ئىككى كۆپ كۆمۈكلۈك تۇرسىمۇ

ئۇنى بىلمەي تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ كەلگۈسى كۈنى توغرىسىدا لاپ ئۇرۇۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئالدامچىلىقىغا غەزەپلىنىپ كۆلدۈم. يەنە بىر يىگىت موزدۇز ئۇستامغا 15 يىل چىدايدىغان ئۆتۈك بۇيرۇتۇۋاتىدۇ. مەن ئۇ يىگىتنىڭ ئەتە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئېچىنغانلىقىمدىن كۆلدۈم.

پادىشاھ يىگىتنىڭ سۆزلىرىدىن تولىمۇ ھەيران بولۇپتۇ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست-يال-غانلىقىنى ئېنىقلاپ بېقىشنى ۋەزىرگە تاپشۇرۇپتۇ. ۋەزىر شۇ كېچىسى بىرفانچە ئادەمنى ئەگەش-تۈرۈپ رەمبال ئولتۇرغان يەرنى كولاتقانىكەن ئىككى كۈپ تىللا چىقىپتۇ. ئەتىسى سەھەردە ئۆتۈك بۇيرۇتقۇچىنىڭ مەھەللىسىگە يېقىنلىشىشىغا ئەتراپنى زىل-زىلىگە كەلتۈرۈۋاتقان يىغا ئاۋازىدىن داڭ قېتىپ قاپتۇ. سۈرۈشتۈرسە ئۆتۈك بۇيرۇتقان يىگىت ۋاپات بولغانىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ پادىشاھ باشلىق ئوردا ئەھلى بۇ يىگىتنى تېخىمۇ ئەتىۋارلاپ ھۆرمىتىنى قىلىدىغان بولۇپتۇ. تويتوغرا ئالتە ئاي بولدى دېگەندە يىگىت پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— شاھ ئالىيلىرى، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي. ئالتە ئايدىن بېرى كەمىنىنى يات كۆرمەي يەرزەنتلىرى ئورنىدا كۆرۈپ پەرۋىش قىلدىلا، ھالا بۇگۈنكى كۈنلەرگە كەلگەندە شەپقەتلىرىنىڭ سايىسىدا تەندۇرۇس بولۇپ قالدىم. قىلغان غەمخورلۇقلىرى ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. مەندىن يانىسا خۇدادىن يانار. مەقسەتكە كەلسەك، «باشقىلارنىڭ جەننىتىدىن ئۆزۈڭنىڭ دوزىقى ئەلا» دېگەندەك. يۇرت-ماكانىمنى سېغىندىم، ئاتا-ئانا، قەۋمى-قېرىنداشلىرىمنى سېغىندىم. ئىجازەت بولسا ماكانىمغا قايتسام دەيمەن. ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، بىر باش پىيازىم بىلەن بىر كونا كەمىرىم بار، بۇ سوۋغىنى قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ. يىگىتنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق بولغاچقا پادىشاھ قايتىشقا ئىجازەت قىپتۇ. ئەمما، سوۋغىلارنى ئۆز شەنىگە ئۈچۈن مۇناسىپ كۆرمەي قوبۇل قىلىشنى رەت قىپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت پادىشاھقا قاراپ:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھىم، ئىنسان مەنسىتمەيدىغان ئاددىي نەرسىلەردە ناھايىتى ئۇلۇغ سىرلار يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۇلۇغلانغان ئېسىل نەرسىلەردە ئۇلۇغ سىرلارنىڭ بولۇشى ناتايىن. مەن قايتقاندىن كېيىن ئالدى بىلەن پىيازنى يېسىلە، ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلغاندا كەمەرنى باغلىسىلا، شۇ چاغدا مېنىڭ ئۆزلىرىدىن قانچىلىك مىننەتدار بولغىنىمنى بىلىلا، — دەپتۇ-دە، خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ ئۆتكەنكى رەمبال ۋە يىگىت ۋەقەلىرىنى ئەسكە ئېلىپ كەمەرنى خەزىنىچىنىڭ ساقلاپ قويۇشىغا تاپشۇرۇپ ئارقىدىن شەھەر ناۋايلىرىنىڭ ئاقساقىلىنى چاقىرىپ پىيازنى بېرىپتۇ ۋە مۇشۇ پىيازدا قاتلىما يېقىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئاقساقالدىن ئاڭلايلى:

ئاقساقال پىيازنى دۇكىنىغا ئاپىرىپ قىيمەدەك توغراپتۇ، ياغنى چوچۇتۇپ پىيازنى ساپتۇ. «پادىشاھقا خىزمەت قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى» دەپ قاراپ بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ خېمىر يۇغرۇپتۇ، تونۇرنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ قاتلىمىنى يېقىپتۇ. ئەپسۇسكى، نان يېقىلغان ھامان تۇتىماستىن ئېقىپ كېتىپ كۆلگە بولغىنىپتۇ. ئاقساقالنىڭ پېشانىسىنى غۇژژىدە سوغۇق تەر قاپلاپتۇ. ئېقىپ كەتكەن ناننى كۆلدىن ئېلىپ تازىلاپ يەنە يېقىپتۇ. بۇ ئىش ئۈچ قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ، ناننى زادىلا توختىتالماپتۇ. ئاخىرى باشقا پىياز توغراپتۇ-دە، قاتلىما پىشۇرۇپ پادىشاھقا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ. ناننى زور ئۈمىدتە ھەۋەس بىلەن يەپتۇ ۋە بىرەر ھەپتىدىن كېيىن ئاقساقال بېرىپتۇ.

پادىشاھ ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ. ناننى زور ئۈمىدتە ھەۋەس بىلەن يەپتۇ ۋە بىرەر ھەكمەتنىڭ يۈز بېرىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپتۇ. كەچ بوپتۇ، تاما بىلەن ئۈخلاپ قاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىنمۇ ئۇلۇغ سىرلاردىن ھېچقانداق ئەسەر

بولماپتۇ. شۇندىن كېيىن سۇ يىگىتنى «ئالدامچى» دەپ تىللاپ ۋەزىرگە ۋايساپ بېرىپتۇ. ۋەزىر كەمەرنى باغلاپ كۆرۈشنى مەسلىھەت ساپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۇ نەرسىلەردىن رايى قايتقان بولسىمۇ، ئۇنىمۇ كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ. پادىشاھ ئۇنى بېلىگە باغلىغان ھامان ئاق سانجىشقا باشلىغان ساقاللىرى تۆكۈلۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ قۇۋۋەتكە تولۇپ ياش بىر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ-دە، كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇنىڭ 60 ياشتىكى بەستىدىن ھېچقانداق ئەسەر قالماپتۇ. ۋەزىر دەرھال ئەينەك سۇنۇپتۇ. پادىشاھ خۇشلۇقىدىن نېمە دېيىشنى بىلمەي قاپتۇ ۋە شۇئان پىياز ھەققىدە ئويغا چۆمۈپتۇ: «كەمەر شۇنچە ئۇلۇغ سىرغا ئىگە بولغان يەردە، پىيازدا قانداق كارامەتلەر بولغىيتى؟ ناننى يېگەندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈلمەيدۇ؟ پىياز ئالمىشىپ كەتتىمۇ-يا» دېگەندەك گۇمانلار بىلەن تەكشۈرۈپ باقماقچى بولۇپتۇ-دە، ناۋاينى چاقىرتىپتۇ. پادىشاھ ناۋاينىڭ قان قاچقان چىرايىنى، تىك قارىيالماي تۇرغان كۆزىنى كۆرۈپ گۇمانى تېخىمۇ ئېشىپ سوراپتۇ:

— مەن بەرگەن پىيازنى نېمە قىلدىڭ؟!

— شاھ ھەزرەتلىرى، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ھەممىنى ئېيتاي، — دەپتۇ غال-غال تىترەپ تۇرۇپ ناۋاي.

— كەچتىم، ئېيتقىن، — دەپتۇ پادىشاھ.

ناۋاي نان يېقىش جەريانىدىكى پۈتكۈل تەپسىلاتنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ پىيازنى يېمىگىنىگە كۆپ پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆمەچنى ئەسكە ئېلىپ يەنە سوراپتۇ:

— چۈشۈپ كەتكەن كۆمەچ بارمۇ؟

— يوق پادىشاھى ئالەم، چۈشۈپ كەتكەن كۆمەچلەرنى يېيىش بەدىلىگە ئىشلەيدىغان لوقمان ئىسىملىك بىر چاكىرىم بار ئىدى، شۇ يېگەن بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ ناۋاي.

— خىزمەتكارىڭدا بىرەر ئۆزگىرىشنى سەزدىڭمۇ؟

— ئۇ كەيمە تاز ئىدى، بىر كېچىدىلا ساقىيىپ قالدى، باشقا ئىشلارنى ئۇقمايمەن، — دەپتۇ ناۋاي.

لوقمان پىيازنى يېگەندىن كېيىن زادى قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغىنىنى بىلىشكە ئالدىرىغان پادىشاھ لوقماننى چاقىرتىشقا بۇيرۇپتۇ-دە، ناۋايغا رۇخسەت قىپتۇ.

ئەمدى گەپنى لوقماندىن ئاڭلايلى:

لوقماننىڭ بىرلا تول ئانىسى بولۇپ تۇرمۇشى ئىنتايىن نامرات ئىكەن. ئانىسى بىلەن ناۋاينىڭ ئازراق تۇغقانچىلىقى بولغاچقا لوقماننى پەقەت قورسىقىنى بېقىش شەرتى بىلەن چاكارلىققا ئالغانىكەن. لوقمان يۇلتۇز تارقىماستا كېلىپ تونۇرنىڭ كۈلىنى ئېلىش، دۇكاننى تازىلاش، سۇ توشۇش، ئوتۇن يېرىش قاتارلىق تۈگىمەس ئىشلار بىلەن يۇلتۇز چىققۇچە ئىشلەپ ئۆلەر ھالەتكە يەتكەندىلا ئۆيىگە قايتىدىكەن. ئېغىر ئىش، ئۇيقۇسىزلىق، ناۋاي بىلەن ئىشكارلارنىڭ تىل-دەشنەملىرى لوقماننى جېنىدىن جاق تويغۇزغان بولسىمۇ، لېكىن شۈكرى قىلماقتىن باشقا ئىلاجى يوق ئىكەن. چۈنكى، كۈلگە كۆمۈلۈپ پىشقان بىرنەچچە كۆمەچ لوقمان بىلەن ئانىسىنىڭ بىرىم ئاچ، بىرىم توق ياشىشىنىڭ كاپالىتى ئىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناۋاي ھېلىقى قاتلىمىنى يېقىپتۇ. بىراق، چۈشۈپ كېتىپتۇ، ناۋاي خۇددى لوقمان بىلەن قىرىشقاندەك چۈشۈپ كەتكەن قاتلىمىنى قايتا-قايتا تازىلاپ يېقىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە لوقمان باشقا ئىشقا كېتىپتۇ. كەچ بوپتۇ. لوقمان تونۇرنىڭ كۈلىنى ئېلىۋېتىپ كۆمەچتىن ئىككىنى تېپىۋاپتۇ، بىرسىنى دەرھال يەپتۇ-دە، ئېچىتاپ كەتكەن نەپسى ئارام ئالغاندەك بوپتۇ. يەنە بىرسىنى ئانىسىغا ئېلىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ يېگىنى دەل پادىشاھ ئۈچۈن يېقىپ چۈشۈپ كەتكەن قاتلىما ئىكەن.

لوقمان ئۆيىگە مېڭىپتۇ، كېتىۋېتىپ قورققانلىقىدىن بىردىنلا توختاپ قاپتۇ، چۈنكى ئادىمىزاتنىڭ ئەسىرى بولمىغان جىمجىت كېچىدە خىلمۇ خىل

ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ چەكچەيگەن كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا شۇنچە قاراپ چىققان بولسىمۇ ھېچنېمىنى چېلىقتۇرالماپتۇ. بىردىنلا ئانىسىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن جىن-ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى چۆچەكلىرى ئېسىگە كەپتۇ-دە، پۈتۈن بەدىنىنى مۇزدەك سوغۇق تەر قاپلاپ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپتۇ، قانداق قىلىشنى بىلمەپتۇ. ۋارقىراي دېسە تىلى، ماڭاي دېسە پۇتى ھەرىكەتكە كەلمەپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئانىسىنىڭ جىن-ئالۋاستىلارنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئايىتى ئېسىگە كەپتۇ-دە، ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلاپتۇ. ئوقۇغانسىرى قورقۇنچىسى بېسىلىپ پۇت-قولىغا جان كىرگەندەك بوپتۇ. ئەتراپتىكى ئاۋاز ئاستا-ئاستا ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك بولۇشقا باشلاپتۇ. دىققەت بىلەن زەن سالغىنىدا دەل-دەرەخ، گىياھلار خۇددى ئادەمدەك سۆزلەۋاتقان، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ قايسى قىسمىنىڭ قانداق كېسەلگە داۋا ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇۋاتقان ئىكەن. لوقمان بۇ ئالامەتلەردىن ھەيران بولغان ھالدا ئۆيگە قاراپ يۈگۈرەپتۇ.

ئانىسى بالىسىنى كۈتۈپ تېخىچە ياتمىغانىكەن. ئوقەتەك ئېتىلىپ كىرگەن بالىسىنىڭ تەر قاپلاپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. لوقمان يولدا كەلگىچە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— بالام، تارتقان جەبىر-جاپا، رىيازىتىڭگە كېرەملىك ئاللانىڭ رەھمى كەلگەن ئوخشايدۇ. ئىنشائاللا رەببىل ئالەمىن. بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، — دەپتۇ.

لوقمان بۇ گەپتىن ئىنتايىن خۇرسەن بوپتۇ. ئۇ كۆمەچنى ئانىسىغا بېرىپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. سۈبھى مەزگىلىدە ئانىسى بالىسىنى ئويغىتىش ئۈچۈن بېشىنى سىلاپتۇ، دەرھال قولىنى تارتىۋاپتۇ، پايپاسلاپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە چىراغنى يېقىپ كەپتۇ، قارىسا ئوغلىنىڭ بېشىدىكى ئۇزۇن يىللىق ساقايماس

جاراھەتلىرىنىڭ ئورنىنى قوندۇزدەك قاپقارا چاچلار قاپلىغانىكەن. ئۆي-ئىچىنى ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ خۇشاللىقى قاپلاپتۇ.

لوقمان ئىشقا مېڭىپتۇ، دەل-دەرەخ گۈل-گىياھلار، ئۇچار قۇش، جان-جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى زۇۋانغا كېلىپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ. لوقمان بۇ قېتىم قورقۇپ كەتمەپتۇ، بەلكى دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئاڭلىغانلىرىنى كۆڭلىگە پۈككۈپلىشقا تىرىشىپتۇ.

پادىشاھ لوقماندىن بۇ ھېكمەتلەرنى ئاڭلاپ جايىدا زادىلا ئولتۇرالماپتۇ. شۇنچە تەڭداشسىز خىسلەتلەردىن قۇرۇق قالغىنىغا مىڭبىر پۇشايمان، نادامەتلەر يۈرەك-باغرىنى تاتىلاپتۇ. «ۋادەرىخ، نېمە ئىلاج؟!» دەپ ئىچىگە چوڭقۇر بىرنى تىنىپ لوقمانغا رۇخسەت قىپتۇ. لوقمان يەنە ئاۋالقىدەك كۆنلىرىنى داۋام قىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانىسى قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ، داۋالىناي دېسە پۇلى يوق، بېشى قېتىپتۇ. ئەھۋال قولۇم-قوشنىلىرىنىڭ رازىلىق بېرىشىگە يېتىپتۇ. شۇ چاغدا لوقمان «تەۋەككۇل» دەپ دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ، جان-جانىۋار، ئۇچار قۇشلاردىن ئاڭلىغانلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ شۇ بويىچە ئوت چۆپلەرنى يىغىپ كېلىپ قاينىتىپ ئىچكۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ قىلغان دورىسى بولۇشتۇلۇق كۈنلەردە تۈۋۈقسىز چىققان ئاپتاپتەك تەسىر كۆرسىتىپتۇ-دە، كېسەل ناھايىتى تېز ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىپتۇ. قولۇم-قوشنىلار لوقماننىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ھەيران قاپتۇ. ئاستا-ئاستا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدىغانلارمۇ پەيدا بولۇپتۇ. كۆرسەتكەن مەسلىھەتلىرى ئۈنۈم بېرىپ، ئۇنى ئىزدەيدىغانلار تېخىمۇ كۆپىيىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن لوقماننىڭ بىلىدىغانلىرى، كېسەل داۋالاشتىكى تەجرىبىلىرى ئېشىپ بېرىپتۇ، ئاخىرىدا بىر يايما دۇكان ئېچىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي لوقماننىڭ نامى ئۇزاق-ئۇزاقلارغا پۇر كېتىپتۇ، شاھتىن گادايغىچە ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئۆز كېسەللىرىگە شىپا تاپقانلىقى ئۈچۈن لوقمانغا «ھېكىم» دەپ نام قويۇپتۇ.

# خوتەن ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا

بەختىيار باۋۇدۇن

مەن بېيجىڭ سىفەن داشۆدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا خوتەندە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ياشايدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. تارىخىي كىتابلاردىن ئاتاقلىق تارىخشۇناس جەن يۈەن ئەپەندىنىڭ خوتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان قاباستىن كېيىنكى يەنە بىر مۇنەۋۋەر ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. شىنجاڭدىكى بىر قىسىم كىشىلەر خوتەن ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە توختالغاندا، بەزىلىرى ئۇلارنى يۇغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك سېرىق ئۇيغۇرلار دېسە، بەزىلەر ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەس، دەيدىغان گەپ سۆزلەر بولغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ تاۋيۈەن يېزىسىغا بېرىپ خوتەن ئۇيغۇرلىرىنى تەكشۈرۈپ، چۈشىنىپ كېلىش ئىرادەم ئۈچۈن تۈرتكە بولدى.

1987-يىلى 8-ئايدا جەنۇبىي جۇڭگودا تازا تومۇز بولىۋاتقان مەزگىلدە، مەن خوتەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭدى ۋىلايىتىگە خوتەن ئۇيغۇرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆگىنىشكە باردىم. ياقا يۇرت بولغاچقا بىر موزېيسىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىر نەپەر مەسئۇل خادىمىنى ئىزدەپ تاپتىم. ئۆزۈمنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىمنى ئېيتتىم ھەمدە موزېيسىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى مەسئۇل خادىمغا سۇندۇم. مەسئۇل خادىم ماڭا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، مېنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتۇردى. بىز بىر ئاشخانىدا غىزالىنىۋاتقاندا جەن يۈەنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدۇق. تاماقتىن كېيىن ئۇ يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئاكىسى جەن شاڭيائېنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئۇ كىشىمۇ ئۆيدە يوق ئىكەن. بىز ئۇلارنىڭ ئۆيىدە چاي ئىچكەچ، جەن شاڭياڭنى كۈتۈۋاتقىنىمىزدا ئۇنىڭ ئىنىسى ئاكىسى يازغان خوتەن ئۇيغۇرلىرى تارىخى ھەققىدىكى قول يازمىنى ئېلىپ چىقتى. مەن ئۇ كىتابنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا ئۇنىڭ ئاكىسى قايتىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى قەيەردىن ئاڭلىدىكىن تاڭ، ئىشكتىن كىرىپلا مەن بىلەن ناھايىتى قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى.

بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك تارىخ توغرىلىق، تۇرمۇش توغرىلىق، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىلىق ۋە خوتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىلىق قىزغىن پاراڭلاشتۇق.

«بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى ماكانى قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلار ئىكەن، مىڭ سۇلالىسى خوڭۋۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرىدە جۇيۈەنجاڭغا ياردەملىشىپ جەنۇبىي جۇڭگودىكى توپىلاڭلارنى باستۇرغانىكەن. قاباس سەردارلىقىدىكى بۇ قوشۇننىڭ تۆھپىسىنى پادىشاھ جۇيۈەنجاڭ نەزەردە تۇتۇپ ئۇلارغا ‹جەن› دېگەن فامىلىنى تەقدىم قىلغانىكەن①». شۇندىن تارتىپ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى فامىلىسىنى قوللانماي ھەممىسى ‹جەن› دېگەن خەنزۇچە فامىلىنى قوللانغانىكەن. مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق تارىخشۇناسى جەن يۈەن ئەپەندى خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ 21-ئەۋلادى ئىكەن. شۇ ۋاقىتتا پادىشاھ جۇيۈەنجاڭ قاباسقا ‹دۆلەتنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن›، «تەخت ۋارىسىنىڭ مۇشاۋۇرى»، ‹كېڭەش بېگى› قاتارلىق ئۇنۋانلارنى ئىنئام قىلغانىكەن. ئۇنىڭ ئوغلى بەيجۇغا ‹چېگرانى تىنچلاندۇرغۇچى

سانغۇن › ، ‹ مۇشاۋۇر › ، بەيجۇنىڭ ئوغلى چاڭلىغا ‹ ياساۋۇللار نويۇرغىسى › قاتارلىق ئۇنۋانلارنى ئىنئام قىلغانىكەن. كېيىن قاباس ئاتا - بالا ئىككىيلەن ئۇرۇشتا ئۆلگەن، ئۇلارنى چاڭدىنغا دەپنە قىلغان. قاباسنىڭ چوڭ نەۋرىسى چاڭپۇ ئەمەل - ئۇنۋانىدىن ۋاز كېچىپ يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن، كىچىك نەۋرىسى چاڭلى شۇ جاينىڭ تاغ - دەريالىرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي شۇ جايدا يەرلىشىپ قالغان. پادىشاھ ئۇلارغا 3 مىڭ مو يەر كېسىپ بەرگەن، يەنە سەككىز نەپەر مۇئاۋىن سانغۇننى ياردەمچىلىككە بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا لەشكەرلەرنى بېقىش ئۈچۈن 720 مو يەر كېسىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى دەل مۇشۇ زېمىندا كۆپەيگەن، روناق تاپقان. شۇنىڭدىن تا ھازىرغىچە 6 يۈز يىل ئۆتتى.

خۇددى جەن بوزەن ئەپەندى ئېيتقىنىدەك: تارىختا بولغان تاسادىپىي ئەھۋاللارغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. مېنىڭ ئەجدادلىرىم تارىم ئويمانلىقىدا ياشاۋاتقان مەزگىلدە، ئۇلار چۈشىدىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ قېلىشنى ئويلىمىغان بولغىيتتى. ئەمما 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاتار ② ئىستىلاچىلىرى خۇددى قارا بوراندەك دۇنيانى سۈپۈرۈپ ئۆتتى. ئورغۇنلىغان ئۇششاق مىللەتلەر خۇددى قۇم دانىچىلىرىدەك تارىخنىڭ بۇ قارا بورىنى تەرىپىدىن يەلەككە كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزلىرىمۇ ئويلاپ يەتمىگەن جايلارغا تاشلاندى. مېنىڭ ئەجدادىم بولغان قالى ③ دەل مۇشۇ قارا بوراندا ئۆز ئىرادىسىگە باقمىغان ھالدا يۇرتىدىن ئايرىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكىرىسىدىكى جايلارغا بېرىپ قالدى. ئەمما يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو بىلەن غەربىي شىمالنىڭ ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق بولغان، خەت ئالاقىسىمۇ بولۇپ تۇرغان. شۇ چاغلاردا مېنىڭ قەۋملىرىم چوقۇم يۇرتى بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولغان. كىم بىلىدۇ، 14 - ئەسىرنىڭ

ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە تارىختا يەنە بىر قېتىم قارا قۇيۇن كۆتۈرۈلدى. تاتار ئىستىلاچىلىرى جۇڭگودىن سۈپۈرۈپ چىقىرىلدى. تارىخنىڭ مانا بۇ قارا بورىنىدا ئەجدادىم بىرىس قۇم دانىچىلىرىدەك ئۇچۇرۇلۇپ خۇنەنگە چۈشتى. ئۇلار گەرچە خۇنەنگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى ئىستىمىگەن. شۇڭا چاڭپۇ ئەمەل - ئۇنۋانىدىن ۋاز كېچىپ يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن. ئويلىمىغان يەردىن چاڭپۇنىڭ ئىنىسى چاڭلى خۇنەندە قېلىشقا رازى بولغان. بۇ پەقەت تاسادىپىي ئەھۋال. شۇندىن كېيىن ئەسلىدە شىنجاڭدا باشلىغان ‹ قا › فامىلىلىك جەمەت تارىخنىڭ قارا بورىنىنىڭ ئۇچۇرىشى بىلەن خۇنەندىكى ‹ جەن › فامىلىلىك ئۇيغۇرلارغا ئايلانغان ».

بىز سۆھبىتىمىزنى يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتۇردۇق. ئەتىسى ئۇ ماڭا سۆھبەتلىشىشكە يەنە بىرنەچچە ياشانغانلارنى تونۇشتۇردى. سۆھبەت داۋامىدا بۇ يەردە بۇندىن ئىلگىرى قۇربان ھېيت، روزا ھېيت ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە يېزىدىكى بىردىنبىر مەسچىتنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىنىڭ قەستەن توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن دىنىي ئېتىقادىنىڭ بارا - بارا سۇسلاشقا باشلىغانلىقىنى بىلدىم.

خۇنەننىڭ ھاۋا كىلىماتى نەم ئىسسىق بولغاچقا، خۇنەن ئۇيغۇرلىرىمۇ يەرلىكلەرگە ئوخشاش ئاچچىق تائامنى ياخشى كۆرىدۇ. قوشۇمچە يېمەكلىكلىرى سۇ كالىسى گۆشى، قوي گۆشىدىن ئىبارەت ئىكەن. ئۇندىن باشقا ئۇلار گۈرۈچنى ئاساسلىق ئوزۇق قىلىدۇ. ئۇن تاماقلارنى ئاز ئىستېمال قىلىدۇ. يەرلىكلەرنىڭ ئۇلارنى « چوشقا گۆشى يېمەيدىغان خەنزۇلار » دېگىنىمۇ شۇنىڭدىن بولسا كېرەك. چۈنكى بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ۋە بۇرۇنقى ئۆرپ - ئادەتلىرى جەھەتلەردىكى چۈشەنچىسى بەكمۇ كەمچىل

بولغاچقا تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەت جەھەتلەردە ئەترапىدىكى يەرلىكلەر بىلەن كۆپ جەھەتلەردىن پەرقلەنمەيدۇ.

توي-تۆكۈن ئۆرپ-ئادىتىدە خوتەن ئۇيغۇرلىرىغا ئاساسىي جەھەتتىن خەنزۇلارنىڭ توي-تۆكۈن ئادەتلىرى سىڭىپ كەتكەن. «ئونئۇشتۇرغۇچى ئونئۇشتۇرۇپ، پۈتۈشتۈرۈپ»، قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ، ھەققىنى بېكىتىپ، قۇتلۇق كۈننى تاللاپ (ھىجرىيە كالىندارى بويىچە ھېسابلىنىدۇ) كېلىننى دۇمباق-سۇنايلارنى چېلىپ، تەخت-راۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ كۆچۈرىدۇ. قىز ھۇجرىغا كىرگەندىن كېيىن ھۇجرىدا ئويۇن چىقىرىش قاتارلىق بىر يۈرۈش تەرتىپلەر ئورۇنلىنىدۇ. ئادەتتە نىكاھ ئوقۇتۇش ئىشلىرى كەم ئۇچرايدۇ، توي خېتى ئېلىنسىلا ئىش پۈتىدۇ. خوتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى چەكلىك بولغاچقا ئۇلار تارىختىن بۇيان ئۆز ئارا توي قىلىشمايدۇ، يەرلىك خەنزۇلار بىلەن توي قىلىدۇ. تا ھازىرغا قەدەر ئۆز مىللىتى بىلەن توي قىلغان ئۇيغۇرلار بارماق بىلەن سانىغىدەكلا. ئۇلاردا ئەجدادلىرىدىن قالغان «شامالنى سۈپۈرگە، ئاينى چىراغ قىلىپ، يۇرتىنىڭ ئەقىدىسىنى يەردە قويمايمىز» دېگەن ئەلىمات بولغاچقا، ئۇلار توي مۇراسىملىرىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزمەيدۇ. بۇ چەكمۇار قوشۇن ئۇزۇن مۇددەت ياقا يۇرت، يات مەملىكەتلەر ئارىسىدا ياشاپ، ھەرقايسى سۇلالىلارنىڭ مۇرەككەپ سىياسىي ئۆزگىرىشلىرىنى باشتىن كەچۈرگەچكە، ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇر يىگىتلىرىدە ناھايىتى ياخشى جىسمانىي قۇۋۋەت بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەركەكلىرى كىچىكىدىن تارتىپلا چامبازلىق ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. يىگىتلەر توي قىلىشتىن ئىلگىرى قىلىچ، نەيزە، توقماق قاتارلىق قوراللارنىڭ بىر تۈرىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىپ بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا قىزلار ئۇنىڭغا ياتلىق بولمايدۇ. قىزلار بويىغا يېتىشىش ئىلگىرى (20 ياشتىن بۇرۇن) سىكىلەك چاچ قويىدىغان ئادەت ساقلانغان. 50-يىللاردا ھېيت-بايراملاردا «سىكىلەك چاچ ئۇسسۇلى» ئويناش ئادىتى بولغان. ئەلۋەتتە ھازىر بۇ ئادەتمۇ سۇسلاشقىلى باشلىغان. ئۇلاردا ئوغۇل باللارنىڭ خەتنىسىنى قىلىش ئادەتتىن قېلىپ قالغان.

دەپنە ئۆرپ-ئادىتىگە كەلسەك، خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەپنە ئۆرپ-ئادىتى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. پەقەت يەرلىك كولاش ئوخشىمايدۇ. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى قەبرىنى كولىۋالغاندىن كېيىن قەبرە ئىچىنىڭ يان تەرىپىگە ئىچ يەرلىك كولاپ جەسەتنىڭ يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ قويىدۇ. جەسەتنىڭ باش قىسمى غەرب تەرەپكە قويۇلىدۇ. خوتەن ئۇيغۇرلىرىمۇ جەسەتنى شۇنداق قويىدۇ. ئوخشىمايدىغىنى، ئۇلار يەرلىكنى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە كولاپ چۈشكەندىن كېيىن يەنە بىر كىچىك تىك تۆت بۇلۇڭنى (جەسەتنىڭ بوي ئېگىزلىكى بويىچە) كولاپ جەسەتنى شۇ كىچىك چاسا ئىچىگە قويىدۇ. جەسەت ئۆيدە ئۇزۇن تۇرغۇزۇلمايدۇ. ئىمام، مەزىنلەر جەسەتنى پاكىزە يۇيۇپ تارىغاندىن كېيىن كېپەنگە ئالىدۇ. ئەرلەر ئۈچ قات ئورۇلىدۇ، ئاياللار بەش قات ئورۇلىدۇ. (جەسەت ئورالغاندا تاق سان بويىچە ئورۇلىدۇ). بۇ يەردە مەسچىت بولمىغاچقا، جەسەت نامىزى ئۆيدە چۈشۈرۈلىدۇ، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھازا تۇتۇشى مەنئىي قىلىنىدۇ. ئاياللار تۇپراق بېشىغا چىقمايدۇ. ئەرلەر بېلىگە ئاق باغلاپ، ئاياللار بېشىغا ئاق سېلىپ ھازىدارلىقنى بىلدۈرىدۇ. يەتتە نەزىر، قىرىق نەزىر، يىل نەزىرلىرى بېرىلىدۇ. گۈمبەز قاتۇرۇلمايدۇ. قەبرىنى بېلىق دۈمبىسى شەكلىدە توپا يۆلەپ ياسايدۇ. ھېيت-بايراملاردا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى قەبرە بېشىغا چىقىدۇ.

ئىككى كۈن داۋامىدا بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ

(داۋامى 80-بەتتە)

# سەن يارىڭنى كېلەر دەپ

تاۋار كۆرپىگە چىقتىم،
قوروپ كەگرى بەدەشقان.
يارىم بىلەن ئىككىمىز
مەشرەپ ئويناپ تونۇشقان.

قوياش چاچتى ئالتۇن نۇر،
يېشىل چىمەن-قىياققا.
كونا ياردىن ئايرىلىپ،
چۈشتۈم ھەسرەت پىراققا.

ئېرىقتىكى چىمەننى
مەن قىياققا ئوخشاتتىم.
كېتىپ بارغان چوكاننى
بىر يۆتۈلۈپ توختاتتىم.

بورىچىلار توقماقتا
يەنجىيدىكەن قومۇشنى.
تۇتۇپ بەردى خۇدايىم
كۆلمەيدىغان گۇمۇشنى.

يارىم. لىۋىڭ ئۈنچىدەك،
قېشىڭ قارا قۇندۇزكەن.
ئوقۇپ باقسام ئاشنىڭىز
يورۇگقاشنا ① موزدۇزكەن.

جىرىم سېلىپ كۆكەرتتىم
ئوغۇت قويۇپ، سۇ باشلاپ.
لوپ② ئىچىدىن يار تۇتسام،
تورنۇۋالدى باش قاشلاپ.

دۇتارىمنىڭ بېشىدا
باردۇر ئىككى قولىقى.
يىگىدىن بىر يار تۇتسام،
چىقتى يامان خۇلقى.

ئاشپۇزۇلغا كىرسەم مەن
كەلدى ئاۋۋال ئىسسىق چاي.
چوڭ گەپ قىلغان سەنەمنىڭ
بولدى بۈگۈن ھالى ۋاي.

باھار كېلىپ ئەتراپ
بولدى يېشىل ئەجەپ ئۈز.
ئۈچ يىل بولدى سىناشتۇق،
توي قىلايلى قارا كۆز.

ئۆشنەگىدىكى مىلتىقتا
قاغا، پاختەك سوقتۇڭمۇ؟
ھەپتىدە بىر كەلمەيسەن،
ئاشناڭ تازدىن قورقتىڭمۇ؟

ئىشتىن يېنىپ ئىچتىم مەن
باسما قۇدۇق سۈيىنى.
ئۇنتالمىدىم تېخىچە
سەن يارىمنىڭ خۇيىنى.

جوغنى تارتقىن ئوچاقتىن،
كۆيۈپ كېتىدۇ قوماچ.
قىز بالىدا ھېچگەپ يوق،
خوتۇنۇڭنىڭ يامىنى روپاش.

پىشىپ قالغان قوناقنىڭ
پاخلىنى ئاقلىدىم.
سەن يارىمنى كېلەر دەپ،
ياڭاق مېغىزى ساقلىدىم.

ئاق ئۈجمە پىشىپ قالدى،
يىگىن، راسا تويۇۋال.
ياخشى يارنى تاپقاندا،
شوراپ-شوراپ سۆيۈۋال.

قىش يەسلى يېتىپ كېلىپ،
قىرلاپ كەيدىم تۇماقنى.
ئۇنتالمىدىم تېخىچە
سەن چىرايلىق ئۇماقنى.

تاپ ئارىلىقىغا تېرىدىم
يېشىل ماش بىلەن يۇرچاق.
مېنى ئەجەپ كۆيدۈردى
قەلەم قاشلىق بىر قىزچاق.

توپلىغۇچى: غوجەخمەت مۇھەممەت

# سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇشايغان قىلىشى

ئىبىنسلارغا قارىغاندا، سۇلايمان پەيغەمبەر 18 مىڭ ئالەمگە پادىشاھ بولۇپ بارلىق ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن باشقا جاھاندىكى ئۇچار قۇش، جان-جانىۋارلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. بىر كۈنى سۇلايمان پەيغەمبەر خوتۇنىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۆز پەرمانىنىڭ ئۇچار قۇشلار ئارىسىدا قانچىلىك ئىجرا بولىدىغانلىقىنى سىناپ كۆرۈش مەقسىتىدە جاھاندىكى بارلىق قۇشلارنى ھاۋادا قاناتلىرىنى كېرىپ كۈن نۇرىنى توسۇپ ئۇزۇنغىچە سايە چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇچار قۇشلار سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپتۇ. لېكىن، ھاۋادا ئاللىقانچىلىك يەردىن كۈن نۇرى چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇلايمان پەيغەمبەر چۈغۈندەكنىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ. چۈغۈندەكنى ئېلىپ كېلىشكە قارچىغىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇمۇ تاپالماپتۇ. ئارقىدىن لاچىن چۈغۈندەكنى تېپىپ كېلىشكە ۋەدە بېرىپتۇ.

لاچىن سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى بويىچە جاڭگالمۇ جاڭگال كېزىپ يۈرۈپ، ئاخىرى بىر ئورمانلىقتا بېرىپ چۈغۈندەكنىڭ ئۇۋىسىنى ئىزدەپ ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ. بىر مەزگىل ئىزدىگەندىن كېيىن لاچىن چۈغۈندەكنىڭ ئۇۋىسىنى تېپىۋاپتۇ ۋە چۈغۈندەككە سەزدۈرمەي ئۇچۇپ كېتىپتۇ. لاچىننىڭ ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن چۈغۈندەك مېنى تاپالماي ياخشى قىلدى دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇۋىسىدىن چىقىپ چىنارنىڭ شېخىغا قونۇپتۇ. لاچىن ھاۋانى بىر ئايلىنىپ چۈغۈندەككە كۆرۈنمەي تۇيۇق ئورماننىڭ ئارىسىدىن ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىپ چۈغۈندەكنى تۇتىۋاپتۇ، بويىنىدىن قاماللاپ سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— مېنىڭ ئەمرىمگە نېمىشقا ئىتائەت قىلمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ سۇلايمان پەيغەمبەر خاپا بولۇپ.

— ئى شانۇ-شەۋكەتلىك شاھىم، ئەمرلىرىنى جېنىم بىلەن ئورۇنداپ خوتۇنلىرىغا سايە چۈشۈرۈشكە خېلى بۇرۇنلا كېلەتتىم، لېكىن بىر نەرسىدىن گۇمان قىلىپ، گۇمانىمنى يېشەلمەي كېلەلمىدىم، — دەپتۇ چۈغۈندەك.

— نېمىدىن گۇمانلىنىسەن؟

— جاھاندا ئەر كۆپمۇ، ئايال كۆپمۇ؟ مۇشۇ ئېنىقسىزلىق مېنى بىسەرەمجان قىلىپ ئويلاپ تاپقان جاۋابىمنى گۇمانلىنىپ كېلەلمىدىم، — دەپتۇ.

— قايسىسى كۆپ ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ سۇلايمان پەيغەمبەر.

— خوتۇن كىشى كۆپ ئىكەن.

— ئاللاتائالا ھەممە نەرسىنى جۈپ جۈپتى بىلەن ياراتقان تۇرسا، نېمىشقا خوتۇن كىشىنى كۆپ ئىكەن دەيدىڭ؟ — دەپتۇ سۇلايمان پەيغەمبەر.

— ئى شاھىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ئېيتاي، — دەپتۇ چۈغۈندەك.

— كەچتىم، ئېيت!

— مەن خوتۇن كىشىنىغۇ خوتۇن ھېسابلىدىم، خوتۇن كىشىنىڭ سۆزى بىلەن ئىش قىلىدىغان ئەرنىمۇ خوتۇن ھېسابلىدىم. شۇڭا جاھاندا ئەردىن خوتۇن كىشىنى كۆپ چىقاردىم، — دەپتۇ چۈغۈندەك.

— ئەر كىشىنى خوتۇن كىشىگە قوشۇۋېتىش-

ـكە نېمە ھەددىڭ! ــ دەپتۇ سۇلايمان پەيغەمبەر.

ــ سىلى 18 مىڭ ئالەمنىڭ پادىشاھى بولۇپ تۇرۇغلۇق خوتۇنلىرىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ سۆزىگە كىرىپ بارلىق ئۇچار قۇشلارنى يىغىپ خوتۇنلىرىنىڭ ئۈستىگە سايە چۈشۈرۈشنى ئەمىر قىلدىلا. ئۇچار قۇشلار سىلىنىڭ غەزەپ-لىرىدىن قورقۇپ خوتۇنلىرىنىڭ بېشىغا سايە چۈشۈرۈشكە كەلدى. نەتىجىدە كۆپلىگەن قۇشلارنىڭ ئىسسىغان ئۇۋىلىرى سوۋۇپ بۇزۇلدى. چۈجە چىقىرىش ئالدىدىكى تۇخۇملىرى شامالداپ يېلىپ قالدى. تۇخۇمدىن يېڭى چىققان چۈجىلەر ئاچلىقتىن ئۆلدى. بۇنىڭ قىساسىنى كىم تارتىدۇ؟ مېنىڭمۇ تۇخۇمدىن يېڭى چىققان چۈجىلىرىم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىدىن غەم يەپ ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ كېلەلمىدىم. ئۆزلىرى خوتۇنلىرىنىڭ تىلىگە كىرىپ بېشىمىزغا كۈلپەت سالدىلا. شۇڭا سىلىنى خوتۇن كىشى قاتارىغا كىرگۈزۈۋەتتىم، ــ دەپتۇ چۈغۈندەك ۋە گېپىنى تۈگىتىپ ئۇچۇپ كېتىشكە تەمشىلىپتۇ. خوتۇنىنىڭ تىلىگە كىرىپ ئۇچار قۇشلارغا ئۇۋۋال قىلغىنىغا پۇشايمان قىلغان سۇلايمان پەيغەمبەر خىجالەت بولۇپ بارلىق قۇشلارغا ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىش ئىجازىتى بېرىپتۇ. چۈغۈن-دەكنىڭ گېپىدىن كۆڭلى سۆيۈنگەن سۇلايمان پەيغەمبەر ئۇنىڭدىن زوقلىنىپ: «سېنىڭ ھەممە نەرسەڭ كېسەلگە داۋا بولغاي» دەپ دۇئا قىپتۇ. چۈغۈندەكنىڭ كېسەلگە داۋا بولۇشى سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىدىن باشلانغانىكەن.

(«يەكەن خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى)

(بېشى 77-بەتتە)

ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلاردەك قىزغىن، ئاددىي-ساددا، مېھماندوست، باتۇر، ئىناق-ئىتتىپاق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. تارىختىن بۇيان بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار باشقا مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تەر تۆكۈپ كەپتۇ.

## ئىزاھاتلار

① «جۇڭگو تارىخ تەتقىقات توپلىمى» (2-رىسالە) «تاۋيەن تەزكىرىسى» گە قاراڭ.

② تاتار ــ قەدىمكى مىللەت نامى. ئەڭ دەسلەپ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن، تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى بىر قەبىلە ئىدى. تۈركلەر خارابلاشقاندىن كېيىن تاتارلار پەيدىنپەي قۇدرەتلىك قەبىلىگە ئايلانغان. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى، لياۋ، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە تاتارلارنىڭ قەبىلىلىرى قارا تاتارلار، گوبىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆڭگۈتلار ئاق تاتارلار دەپ ئاتالغان. موڭغۇللار باش كۆتۈرگەندىن كېيىن تاتار قەبىلىسى موڭغۇللار تەرىپىدىن يوقىتىلغان. ئەمما غەربتىكى ئەللەر ئادەتتە يەنىلا موڭغۇللارنى تاتارلار دەپ ئاتىغان. يۈەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە شەرقتىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى بەنى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ھەرقايسى قەبىلەر تاتارلار دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن باشقا كەڭ مەنىدە يەنە تاتارلار بەزىدە جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولغان.

③ «جەن» قامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلى نامى «قا» ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئەجدادى نەسلى غەربىي دىياردىكى ئۇيغۇرلار ئىكەن. ئۇلار سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي دىياردا داڭلىق قەبىلە ھېسابلىنىدىكەن. يۈەنتەيزۇ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا غەربىي دىياردىكى بۇ قەبىلە ئۇلارغا ياردەم بەرگەن. قالى ئاشۇ چاغدا چىڭگىزخان بىلەن بىرگە جەڭ قىلىپ، تاڭغۇت قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان.

# ئاتاقلىق تۈركولوگ ۋە ئۇيغۇرشۇناس ئا.ۋون گاباين خانىم ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى

ئەسەت سۇلايمان

ئۇلۇغ ئالىم ئاننېمارىيە ۋون گاباين خانىم 1901-يىلى 7-ئاينىڭ 4-كۈنى گېرمانىيىنىڭ مور-ېىنگېن (هازىرقى فرانسىيە تەۋەسىدە) دېگەن يېزىدە دۇنياغا كەلگەن. گاباين خانىم 1920-يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگەتكەندىن كېيىن، بېرلىن داشۆسىگە كىرىپ، تۈركىي تىللار سىستېمىسى تىلشۇناسلىقى ۋە خەنزۇشۇناسلىقنى ئۆگەنگەن. ئۇ دەسلەپ بېرلىن داشۆسىدىكى ئاتاقلىق تۈركولوگ ۋە خەنزۇشۇناس ئالىم ئو. فرانكې ۋە ۋ. باڭ قاتارلىقلاردىن تەلىم ئالغان ۋە خەنزۇشۇناسلىق تېمىسى بويىچە دېسسېرتاتسىيە ياقلاپ، 1926-يىلى 25 يېشىدا دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە كىرىپ، پرۇسسىيە خانلىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ تۇرپاندىن قېزىپ ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى ئوقۇش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن مەخسۇس شۇغۇللانغان. 1928-يىلى گاباين خانىمنىڭ تۈركولوگىيە تەتقىقاتىدىكى تۇنجى ئەسىرى «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان مانى دىنىنىڭ شامال ئىلاھى ھەققىدىكى رىۋايەتتىن پارچە» ئېلان قىلىنىش بىلەن ئۇنىڭ تەتقىقاتى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئۇ 1929-يىلدىن 1934-يىلغىچە ئاتاقلىق تۈركولوگ ۋ. باڭدىن دەرس ئاڭلىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تەتقىقات ئېلىپ باردى. مۇشۇ ئارىلىقتا ئۇلار ئالتە توملۇق بۈيۈك تەتقىقات مېۋىسى — «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى» نى ئېلان قىلدى. بۇ ئۇلار تەتقىق قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بىراق، 1934-يىلى ئۇنىڭ ئۇستازى ۋ. باڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن گاباين خانىم تەتقىقاتنى ئۆزى مۇستەقىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ 1931-يىلى بېيجىڭغا كېلىپ ئېلىمىزنىڭ پروفېسسورى يۈەن پۇلى شىنجاڭدىن ئەكەلگەن، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹شۈەن جاڭنىڭ تەرجىمىھالى›» نى تەتقىق قىلدى ۋە 1933-يىلى - كۈزدە پارىژ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى «ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹شۈەن جاڭنىڭ تەرجىمىھالى›» نىڭ باشقا بىر نۇسخىسىنى قوشۇپ تەتقىق قىلدى ھەمدە 1935-يىلى «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹شۈەن جاڭنىڭ تەرجىمىھالى›» نى تولۇق ئېلان قىلدى.

گاباين خانىم 1935 — 1937-يىللىرى ئارىسىدا تۈركىيىگە كېلىپ، ئەنقەرە داشۆسى تىل، تارىخ ۋە جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا خەنزۇشۇناسلىق پروفېسسورى نامى بىلەن ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇ 1937-يىلى ئەنقەرەدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، گېرمانىيىگە قايتىپ بېرىپ، بېرلىن داشۆسىدە تۈرك تىلى ئوقۇتۇشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇرۇشتىن كېيىن ھامبۇرگ داشۆس-

نىڭ تۈرك تىلى پروفېسسورلۇقىغا تەيىنلەندى.

پروفېسسور گابائىن خانىم قەدىمكى تۈركىي تىللار بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرىنى تەتقىق قىلىشقىمۇ جوڭقۇر ئەھمىيەت بەردى. ئۇ 1945-يىلى «ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى گرامماتىكىسى» دېگەن كىتابىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىدىن باشقا ئۇ ھازىرقى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىغىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى.

گابائىن خانىم 1950-يىلىدىن باشلاپ، ھامبۇرگ داشۆسىدە، بىر تەرەپتىن، ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ باردى. شۇ يىللىرى ئۇ «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ كېيىنكى ئۈچ تومىنى ئېلان قىلدى. 1957-يىلى «مايترى سىمىت» نىڭ بىر قىسمىنى، 1961-يىلى بۇ ئەسەرنىڭ شەرقىي بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر قىسمىنى ئېلان قىلدى. ئۇ يۇقىرىقىلاردىن باشقا خەلقئارا تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئەسىرى «تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى ئاساسلىرى» دېگەن كىتابىنى، «قەدىمكى تۈركىي تىللار ئەدەبىياتى»، «قەدىمكى كۆسەن ئەدەبىياتى» قاتارلىق مەخسۇس ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى.

پروفېسسور گابائىن خانىم تۈركىي تىللار بويىچىلا ئەمەس، بەلكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات-سەنئىتى ۋە ئىجتىمائىي فولكلورى بويىچىمۇ مۇتەخەسسىس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر تارىخى جەھەتتىكى تۆھپىسى ناھايىتى زور. ئۇ 60-يىللاردىن كېيىن، مەخسۇس تۇرپان رايونىنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى، قەدىمكى دىنىي ئېتىقادى ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەھەتلەردە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى»، «قەدىمكى تۇرپان رايونىنىڭ مەتبەئەچىلىك سەنئىتى»، «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى.

گابائىن خانىم ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىلمىي تەتقىقاتى داۋامىدا يەنە خەلقئارا تۈركولوگىيە ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى. ئۇ پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر ھامبۇرگ داشۆسىدە تۈركولوگىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددا دىنشۇناسلىقى بويىچە پروفېسسور بولدى ھەمدە گېرمانىيە ئۇرال- ئالتايشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى، «ئۇرال-ئالتايشۇناسلىق يىلنامىسى» نىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى كاتتا تۆھپىلىرى سەۋەبلىك تۈركىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئۇنى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمەتلىرىگە تەكلىپ قىلدى. گابائىن خانىم 1971-يىلى خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئالتۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

گابائىن خانىم ئۇزاق مۇددەتلىك ئوقۇتۇش پائالىيىتىدە گېرمانىيە ۋە باشقا دۆلەتلەر ئۈچۈن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر تۈركولوگلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى زامانىمىزدىكى مەشھۇر ئالىملاردىن بولۇپ قالدى. مەسىلەن: ياپونىيىلىك خويافۇ، دانىيىلىك ئاسموسسېن، تۈركىيىلىك شىناسى تېكىن، ئامېرىكىلىق ئېلىسي لاۋدىي سىرتاۋتاس، گېرمانىيىلىك ك. روھربورن قاتارلىق پروفېسسورلارنىڭ ھەممىسى ھامبۇرگ داشۆسىدە گابائىن خانىمدىن تەلىم ئالغان.

پروفېسسور گابائىن خانىم جوڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى مەرھۇم بۇرھان شەھىدىنىڭ تەكلىپى بويىچە، ياشانغانلىقىغا قارىماي، 1982-يىلى 8-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 18-كۈنىگىچە جوڭگودا زىيارەتتە بولدى. زىيارەت جەريانىدا ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئالاقىدار ساھەلىرىدىكى ئالىملىرىغا ۋە خىزمەتچىلىرىگە «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيانقى يازما يادىكارلىقلىرى»، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئويما رەسىم سەنئىتى ۋە جوڭگو»، «خەلقئارا ئورال-ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالى» دېگەن تېمىلاردا ئىلمىي دوكلات بەردى. ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئۇ زىيارەت جەريانىدا يەنە بېيجىڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا كۆپ قېتىم ئىلمىي دوكلات بەردى، شىنجاڭ داشۆسىنى كۆزدىن كەچۈردى، تۇرپان، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلارنى ئېكىسكۇرسىيە ۋە ساياھەت قىلدى.

گابائىن خانىمنىڭ ھاياتى ھارماي-تالماي تەتقىقات بىلەن ئۆتكەن. مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان شەرەپلىك ھايات بولدى. ئۇ بىر ئۆمۈر توي قىلمىدى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تۈركولوگىيە تەتقىقاتىغا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ مەھسۇس تەتقىقات ئەسەرلىرى ئون نەچچە تومدىن، ئىلمىي ماقالىلىرى (جۈملىدىن مۇھىم تەقرىزلىرى) 200 پارچىدىن ئاشىدۇ. شۇڭا، بۇ ئۇلۇغ ئالىم يالغۇز تۈركىي تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى خەلقلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭمۇ مەڭگۈلۈك ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەردۇر. ئۇنىڭ كەسىپداشلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى «مەريەم ئاپا» دەپ ئاتايدۇ. 1961-يىلى يەنە ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە سوۋغا سۈپىتىدە «ئەل بىتىگ» (AlBitig) دېگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆرمەت نامىنى تەقدىم قىلدى.

1993-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنى، دۇنياۋى مەشھۇر تۈركولوگ ۋە ئۇيغۇرشۇناس گابائىن خانىم 92 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىشى دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى غايەت زور يوقىتىش بولدى. گابائىن خانىمنىڭ تۈركولوگىيە ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى باشقا ھەرقانداق شەخس بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئىلمىي ئىزدىنىشى تۈركولوگىيە ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدىكى چوڭ بوشلۇقلارنى تولدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا مۇئەييەن بىر سىستېما ياراتتى. ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى تۈركولوگىيە ساھەسىدە ماكرولۇق تەتقىقاتلاردىن مىكرولۇق تەتقىقاتلارغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدىن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگىچە، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ۋە يازما ۋەسىقىلەردىن تارتىپ نازۇك ئىلمىي خۇلاسىلەرگە قەدەر بولغان ناھايىتى كەڭ ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ھاياتى پائالىيىتىدىن خەۋەردار بولۇش، تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ۋاپاتى بىز ئۈچۈنمۇ بىر چوڭ يوقىتىش! بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدىكى پەقەت ئۇيغۇرشۇناسلىققا ئائىت بولغان بىر قىسىم مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكىنى كىتابخانلار دىققىتىگە سۇنىدۇق.

## ئۇيغۇرشۇناسلىققا ئائىت ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى

1. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان مانى دىنىنىڭ شامال ئىلاھى ھەققىدىكى رىۋايەتتىن پارچە» (1928-يىل). ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان.

2. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى، I: پال كىتابىدىن پارچە» (1929-يىل). ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان.

3. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى، II: مانى دىنى يادىكارلىقى» (1929-يىل). ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان.

4. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى، III: بۈيۈك مانىغا بېغىشلانغان قەسىدە» (1930-يىل). ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان.

5. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى، IV: يىگدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى گۇناھلار ئىقرارنامىسى» (1930-يىل). ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان.

6. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى» (1930-يىل). ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان.

7. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى، V: بۇددىستلارغا ئائىت تېكىستلار-دىن پارچە» (1931-يىل). ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان.

8. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى تەھلىلىنىڭ دەسلەپكى بەش پارچىسىغا كۆرسەتمە» (1931-يىل). ۋ. باڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان.

9. «ئۇيغۇرشۇناسلىق IV» (1931-يىل). ف. ۋ. ك. مۇللېر بىلەن بىرلىكتە مۇھەررىرلىك قىلغان.

10. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى، VI: بۇددىستلار سۇتراسى سەككىز يۈكمەك (يارۇغ)» (1934-يىل). ۋ. باڭ ۋە گ. ر. رەخمەتى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان.

11. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹شۈەن جۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى›، I: بەشىنچى بابتىن پارچە» (1935-يىل).

12. «‹شۈەن جۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى›دىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان خەت-چەكلەر» (1938-يىل).

13. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹n› ئاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل شەكىللىرى» (1940-يىل).

14. «ئۇيغۇرشۇناسلىق» IV. (1945--يىل). مۇھەررىرلىك قىلغان.

15. «بىراق قەدىمكى تۈركلەرنىڭ كەڭ دالا ۋە شەھەر ھاياتى» (1949-يىل).

16. «ئالتۇن يارۇغدىن ئىككى پارچە» (1949-يىل).

17. «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى» (1950-يىل).

18. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخى (745 — 607)» (1952-يىل).

19. «مىڭ يىل ئاۋۋالقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردا-قەسىرلىرى» (1952-يىل).

20. «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارنىڭ مەزمۇنى ۋە سېھرىي جۈملىسى» (1953-يىل).

21. «تارىختىن بۇرۇنقى ھايۋاناتلار سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قىيا تاش سۈرەتلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى» (1953-يىل).

22. «دىن تارقاتقۇچى بۇددىست تۈركلەر» (1954-يىل).

23. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى، VIII: براھمى قول يازمىلىرى» (1954-يىل).

24. «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ۋاقىت ھېسابلاش ۋە خاتىرىلەش سىستېمىسى» (1955-يىل).

25. «ھون ۋە تۈركىي خالقلەرنىڭ تۇغقانچىلىقى» (1955-يىل).

26. «مايتىرى سىمىت، I: بۇددىزمنىڭ ۋايباسىكا مەزھىپىگە ئائىت قەدىمكى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغان تەقلىدىي نۇسخا» (1957-يىل).

27. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى، IX: تۇخرى تىلىدىكى ھەزرىتى مانىغا بېغىشلانغان قەسىدە. B قوشۇمچە قەدىمكى

تۈركىي تىلىدىكى تەرجىمىسى» (1958-يىل). ۋ. ۋىنتېر بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان.

28. «قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى، X: ئاتاۋاكادىكى جىن-شەيتان ئاۋادانا» (1959-يىل). ت. كوۋالسكى بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان.

29. «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر» (1959-يىل).

30. «مايترى سىمىت، II: بۇددىزمنىڭ ۋايباسىكا مەزھىپىگە ئائىت قەدىمكى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغان تەقلىدىي نۇسخا» (1961-يىل).

31. «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (1250 — 950)» (1961-يىل).

32. «ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتى» (1962-يىل).

33. «رەڭ ئاتالغۇلىرىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى» (1962-يىل).

34. «تۈركولوگىيە» ژۇرنىلى (1963--يىل). مۇھەررىرلىك قىلغان.

35. «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچەك ۋە يۈرۈش-تۇرۇش ئادەتلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» (1963-يىل).

36. «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ يازما مەدەنىيىتى ۋە مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى» (1964-يىل).

37. «قەدىمكى ئۇيغۇر ئېسىلزادىلىرىنىڭ ئۈچ قىرلىق باش كىيىملىرى» (1965-يىل).

38. «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئات مەدەنىيىتى ۋە چەۋەندازلىرى» (1965-يىل).

39. «مەدەنىيەت ئۇقۇمى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» (1966-يىل).

40. «تۇرپاندىن يىغىۋېلىنغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ مەنبەسى» (1967-يىل).

41. «رەڭلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى» (1968-يىل).

42. «ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر» (1969-يىل).

43. «تۇرپاندىن تېپىلغان قولىيازمىلارنىڭ تارىخىي دەۋرى» (1970-يىل).

44. «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ پوتا (بەلباغ) تۈرلىرى توغرىسىدا» (1970-يىل).

45. «قالدىما شەكلىدىكى يۇمىلاق كىگىز چېدىرلار توغرىسىدا دەسلەپكى تەكشۈرۈش» (1971-يىل).

46. «پاكلانغان ئۇيغۇر بۇددىستلىرى: تۇرپاندىن تېپىلغان قىستۇرما سۈرەتلىك كىتاب — مىلادى 900-يىللاردىن كېيىنكى ماخايانا مەزھىپى مۇرىتلىرىنىڭ سەنئىتى» (1971-يىل).

47. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نومى — ئابىدارما كوشاۋاردى شاستىر» (1972-يىل).

48. «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھايات (1250 — 850)» (1973-يىل).

49. «تۇرپاندىن تېپىلغان قىستۇرما سۈرەتلىك كىتاب — ئوتتۇرا ئاسىيادا كىشىگاربا (بۇددىساتتىۋا) ئېتىقادى» (1973-يىل).

50. «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ئارخات تېپىدىكى تۇتاش تام رەسىملىرى» (1975-يىل).

51. «سوغدى يېزىقىدىكى قەدىمكى تۈركىي تېكىستلىرى» (1976-يىل).

52. «ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا ئىران دىنلىرىنىڭ تەسىرى» (1977-يىل).

53. «بابانىي ئۇسلۇبىدا تەسۋىرلەنگەن تۇرپان سەنئىتى — سۆز ۋە ئوبراز» (1977-يىل).

54. «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە» (1979-يىل).

55. «كۇچادىن باميانغىچە بولغان رايونلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (1977-يىل).

56. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (1980-يىل).

57. «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئۆتكەن شەھىرىدىن ئىدىقۇت شەھىرىگە يۆتكىلىشى» (1982-يىل).

58. «تارىم ۋادىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئوتتۇرا ئەسىر تام رەسىملىرىدىكى ئورتاقلىق ۋە خاسلىق» (1983-يىل).

59. «يىپەك يولى بويىغا جايلاشقان تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرى» (1986-يىل).

60. «قەدىمكى ئۇيغۇر گۈزەل سەنئىتىدىكى ھەيكەلتىراشلىق» (1987-يىل).

61. «جۇڭگودا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ئۇيغۇرلار تەتقىقاتى: ئاتاقلىق تۈركولوگ گېبەك شىمىن» (1989-يىل).

# شوم ئشتر جوماي

(رۇس خەلق چۆچكى)

بۇرۇنقى زاماندا رۇسىيەنىڭ چەت بىر يېزىسىدا بىر دېھقان بار ئىكەن. ئۇ يېزىدىكى يومبېچمكقا ياللىنىپ يىل بويى جاپالىق ئەمگەك قىلسىمۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشنى بەكمۇ نامرائىلىقتا ئۆتەتدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇنى ئىچىدە گەپ ياتمايدىغان شۇبۇلۇك ئېغىز، ۋىتىلداق بولۇپ. بۇ خوتۇن ئاشۇ مىجەزى بىلەن تۇرمۇشىكى مۇشەققەتنى ئاز دەپ يەنە ئۇنىڭغا يىڭى-يىڭى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېپىپ بېرىدىكەن. شۇڭا بىچارە دېھقان جاپالىق ئەمگەكنىڭ دەردىنى تارتقاننى ئاز دەپ، خوتۇنىنىڭ بەيدا قىلغان دىل ئازارلىقلىرى ئۈچۈن كىشىلەرگە ئۆزرە ئېيتىپ، ناماقۇل بولۇپ يۈرىدىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دېھقان تەرلەپ-پىشىپ يەر ھەيدەۋاتقانىكەن، تۇشتۇمتۇت سايانىڭ چېتى بىر قاتتىق نەرسىگە تاقىشىپ ماكماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «تاش بار ئىكەن-دە، كاسايەت!» دەپ غودۇڭ-شىغىنچە، ئۇنى ئېلىۋەتمەكچى بولۇپ يەرنى كولاپتۇ. بىر ھازا كولىغاندىن كېيىن توپا قاتلىمى ئارىسىدا پارقىراق قارامتۇل بىر نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. دېھقان ئۇنى دەرھال توپىدىن چىقىرىۋېلىپ قارىسا، بۇ تاش بولماستىن، ئات بېشىچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر كومزەك ئىكەن، كۆتۈرۈپ باقسا ئادەتتىن تاشقىرى ئېغىر تۇرغۇدەك. «ئىچىدە نېمە باركىن، ئېچىپ قاراپ باقايچۇ» دەپتۇ دېھقان ۋە مىڭبىر مۇشەققەتتە ھەپىلىشىپ يۇرۇپ كومزەكنىڭ ئاغزىنى ئاران ئېچىپتۇ، ئېچىپتۇيۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ:

«پاھ! ماۋۇ ئامەتنى قارا! ئاھ خىرىستوس ئىگەم! مېنىڭ تارتقان ئازابلىرىمنى راستىنلا كۆزۈڭ كۆرۈپتۇ! ماڭا ھەقىقەتەن ئىچىڭ ئاغرىپتۇ! شاپائىتىڭگە مىڭ رەھمەت!» دەپ ئىختىيارسىز توۋلاۋېتىپتۇ ئۇ. چۈنكى كومزەكنىڭ ئاغزى بىلەن تەڭ ئالتۇن تەڭگە بار ئىكەن.

دېھقان ئالتۇنلارنى ئوچۇملاپ ئېلىپ كۆزلىرىگە خۇشاللىق بىلەن سۈرتۈپتۇ. شادلىق كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ ئاينايىنا قارىيىپ، شامال يالاپ يېرىكلەشكەن قوپال مەڭزىلىرىدىن بويلاپ، ساقاللىرىنىڭ ئارا-ئارىسىدىن تامچىپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ كومزەكنى قوچاقلىغىنىچە ئۆيىگە قايتماقچى بوپتۇيۇ، بىردىنلا چىرايى تۈتۈلۈپ، خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. «ھەي لەنىتى خوتۇن! — دەپ ئويلاپتۇ دېھقان، — ھەممىسى سېنىڭ كاسايىتىڭ! شۇ تاپتا بۇنى ئۆيگە ئېلىپ بارسام. سېغىزخاندەك شاراقلاپ بىردەمدىلا بۇنى پۈتۈن يېزىغا جار سېلىپ بېيىپ بولىسەن. ھاپال قالماي بەگ بېتىپ كېلىپ بىرنى قويماي تارتىۋالىدۇ. خۇدا سېنى زۇۋانسىز ياراتقان بولسا ياخشى بولماسمىدى-- ھە؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ، ئالتۇننى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدە راسا باش قاتۇرۇپتۇ. ئۇيان ئويلاپ-بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى ئالتۇننى بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپتۇ-دە، ئۆيىگە كېتىپتۇ.

ئۇ ئەتىسى خوتۇنىدىن يوشۇرۇنچە ئۆيىدىن بىرئاز ئۇن، ياغ ئېلىپ، يىراقراق بىر قوشنىسىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ ۋە خوتۇنىنىڭ ئېتىزغا ۋاقتى-- ۋاقتىدا ناماق ئاپىرىپ بەرمىگە ئىلمىكىدىن

شىكايەت قىلىپ، مۇشۇ تۈن بىلەن باغدا جىغراق يۇشكال پىشۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ، ئاندىن كۆل بويىغا بېرىپ بىر چېلەك سازاڭ بېلىق تۇتۇپ كېلىپ، ئۇنى يول بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا ئېسىپتۇ.

ئۇ ئۆيىگە بېرىپ خوتۇنىنى بىر يەرگە ئېلىپ بارماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىپتۇ. خوتۇنى بولسا، ئېرىنىڭ نەگە ئېلىپ بارماقچى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەلمەي ۋاللاقلىغىنىچە ئېرىنىڭ كەينىدىن ياپىيالاپ كېتىۋاتسا، ئېرى چاندۇرماي بىر تال يوشكالنى كەينىگە تاشلاپتۇ. «ياق» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىغان ئايال ئېنىڭ يەرگە قارىسا، يەردە بىر تال يوشكال تۇرغىدەك. بۇنى كۆرگەن ئايال:

— ۋاي دادىسى، ماۋۇ پوشكال نەدىن چۈشتى؟ — دەپ ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ.

— نەدىن چۈشسە چۈشمەمدۇ. بەلكىم خىرىستوس ساڭا رىزقى ئاتا قىلغاندۇ! — دەپتۇ دېھقان ۋە يولغا كېتىۋېرىپتۇ.

خوتۇن پوشكالنى ئېلىپ مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ ھەم تەمىنىڭ لەززەتلىكلىكىنى ماختاپ توختىماي جاۋىلداپتۇ. خوتۇنىنىڭ پوشكالنى يەپ بولاي دېگەنلىكىنى كۆرگەن دېھقان چاندۇرماي يەنە بىرنى تاشلاپتۇ.

— ۋاي دادىسى، يەنە بىرسى چۈشتى! بۇ ئاسماندىن چۈشۈۋاتامدۇ نېمە؟

— ھەئە، ئاسماندىن چۈشۈۋاتىدۇ! شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ بۈگۈن ئاسماندىن پوشكال ياغىدىغان خاسىيەتلىك كۈن. چۈشكەن پوشكالنى ئۇشۇق گەپ قىلماي ئېلىپ يەۋەر!

دېھقان شۇ تەرىقىدە قوينىدىكى پوشكال تۈگىگىچە تاشلاۋېرىپتۇ، خوتۇنى خۇشاللىقتا ۋاقىراپ-جارقىراپ يۈرۈپ، ئېلىپ يەۋېرىپتۇ. پوشكال تۈگىگەندىن كېيىن، خېلى ماڭغىچە ئاسماندىن پوشكال چۈشمەيۋاتقىنىغا ھەيران بولغان خوتۇن:

— ئەجەبا، خىرىستوسنىڭ پوشكىلى تۈگەپ قالدىمىكىنە؟ ئەجەپ چۈشمەيدىغۇ؟ — دەپ غودۇڭشىغاچ ئاسمانغا قاراپتىكەن، كۆزى دەرەخ شاخلىرىغا ئىلىنغلىق تۇرغان سازاڭ بېلىقلارغا چۈشۈپتۇ. ئەتىياز مەزگىلى بولغاچقا، دەرەخلەر تېخى يوپۇرماق چىقارمىغانىكەن. يالىڭاچ شاختا تۇرغان بېلىقلار خوتۇننى بەكلا ھەيران قىلىۋېتىپتۇ.

— ۋاي دادىسى، ماۋۇ نېمە كارامەت! دەرەخلەردە سازاڭ بېلىق تۇرىدىغۇ؟

— بۈگۈن خاسىيەتلىك كۈن دېدىمىغۇ ساڭا! — دەپ ۋارقىراپتۇ دېھقان خوتۇنىغا، — خاسىيەتلىك كۈندە ئەنئەنە دەرەخ شاخلىرىدا بېلىق ئۆسمەمدۇ؟ ئاسماندىن پوشكال ياغقان يەردە دەرەختە بېلىق ئۆسمەي قالامتى؟

— ھە، مۇنداق دېگىن! تۇۋا، مۇشۇ ئۆمرۈمگىچە مۇنداق ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارنى كۆرمەيتىكەنمەن! — دەپتۇ خوتۇن ياقىسىنى تۇتۇپ.

— ھەيران بولما! كېچە ماڭا بۈگۈنكى كۈننىڭ خاسىيەتلىك توغرىلىق غايىبتىن بىشارەت بولغان، شۇڭا سېنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن دەپ ئېلىپ چىقتىم، بولمىسا سېنى سۆرەشتۈرۈپ نېمە قىلاتتىم؟ ھېلى ئۇنىڭدىنمۇ بەك ئاجايىباتلارنى كۆرسەن تېخى!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان خوتۇن ھەيرانلىقتا ئاغىل-تاغىل سۆزلىگىنىچە ئېتىزغا يېتىپ كەلگىنىنى تۇيمايلا قاپتۇ. دېھقان ئۇدۇل كەلگىنىچە ئېتىز قىرىدىكى دەرەخلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ دەرەخلەرنى ئۇگدىن سولغا، سولدىن ئوڭغا يېنىش-يېنىشلاپ سانىغلى تۇرۇپتۇ ۋە ئۆز-ئۆزىگە بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوتۇن ئېرىدىن:

— ھەي دادىسى، نېمە بولدى ساڭا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تىنچ! — دەپتۇ دېھقان ۋە كۆزىنى يۇمۇپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن كەتمەن-گۈرجەكنى ھېلىقى كومزەكنى كۆمگەن دەرەخ تۈۋىگە تاشلاپتۇ-دە، خوتۇنىغا:

— ھەي خوتۇن، ئېسىل ئۆيلەردە ئولتۇرغۇڭ بارمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەلۋەتتە بار! — دەپتۇ خوتۇن.

— چىرايلىق ئىپەك كۆڭلەك كىيگىڭ بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بار!

— ئالتۇن زىبۇ-زىننەت تاقىغىڭ بارمۇ؟

— ۋاي بار! قېنى ئۇ نەرسىلەر؟ ماڭا چاپسان كۆرسەت! — دەپ ۋارقىراپتۇ خوتۇنى.

— جوقان سالما! — دەپتۇ دېھقان، — كېچە چۈشۈمدە خىرىستوس دەل مۇشۇ دەرەخ تۈۋىدە ماڭا نامەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى، بىراق بۇنى سەن بىلەن مەندىن باشقا ئۈچىنچى بىر ئادەم بىلىپلا قالسا، شۇ ھامان غايىب قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ھازىر بىشارەت ئارقىلىق بۇ دەرەخنى تاپتىم. ئېھتىمال كولىسامىلا بايا ئېيتقان نەرسىلەر چىقىشى مۇمكىن. لېكىن سېنىڭ ئاغزىڭدىن ئەنسىرەيمەن، سەن شۇنداقلا بىرسىگە تىنىپ قويساڭ، ئۇ نەرسىلەر شۇ ھامان غايىب بولىدۇ-دە. يەنىلا بۇرۇنقىدەك جاپا-مۇشەققەتتە ياشايمىز. ئەڭ ياخشىسى، كولىمايلا قوياي، چۈنكى بىز بەربىر ئۇ نەرسىلەرنى قولدىن چىقىرىپ قويىمىز. سېنىڭ بۇ بالا ئاغزىڭ بار يەردە بىز ھەرگىزمۇ دۇنيا تۇتالمايمىز.

— سادىغاڭ كېتەي دادىسى، كولاۋەرگىن. خىرىستوس نامىدىن، بۈۋى مەريەم نامىدىن قەسەم قىلايكى، ھەرگىز بىرسىگە تىنمايمەن، ئەگەر تىنىدىغان بولسام، مېنى شۇ ھامانلا چاقماق ئۇرسۇن! — دەپ قەسەم قىپتۇ خوتۇنى.

شۇنىڭ بىلەن كۈن ئولتۇرغان مەزگىلدە دېھقان بىر كومزەك ئالتۇننى چاپىنىغا يۆگەپ خوتۇنى بىلەن ئۆيگە قايتماقچى بوپتۇ. ئۇلار دالىدىن كېسىپ ئۆتۈپ يېزىغا يېقىنلاشقاندا، يىراقتىن پادىدىن يانغان كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى ئاڭلىنىپ، بۇ ئاۋاز خوتۇنىغا بۆلەكچىلا ھەيۋەتلىك تۇيۇلۇپتۇ.

— ھەي دادىسى، بۇ نېمىنىڭ ئاۋازى؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ. بىزنىڭ بەگ شەيتانلار بىلەن سۇ توشۇۋاتقان ئىدى، بەلكىم سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالدىمىكىن، — دەپتۇ دېھقان.

— توۋا، بۇ بەگنىڭ نېمە قىلغىنى؟ مالايلىرىنى بۇيرىسىلا بولمىدىمۇ-ھە؟

— شۇنداق قىلمايتتىمۇ تاڭ؟

يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن يىراقتىن چاڭ توزىتىپ مەرەپ قوي پادىلىرى كېلىشكە باشلاپتۇ. نۇرغۇن قوي-قوزىنىڭ مەرىگەن ئاۋازى خوتۇنىغا غەلىتە ئاڭلىنىپتۇ-دە:

— بۇ يەنە نېمىنىڭ ئاۋازى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بەگ شەيتانلارغا يېڭىلىپ قاپتۇ، شۇڭا شەيتانلار بەگنىڭ تېرىسىنى شىلىۋاتىدۇ. بۇ بەگنىڭ ئاغرىقتا چىدىماي تۇۋلىغان ئاۋازى، — دەپتۇ دېھقان.

— ئاھ خۇدا، بىچارە بەگ! — دەپتۇ خوتۇن.

— ئالدىڭغا قاراپ جىم ماڭ. بەگنىڭ روھى جەننەتكە كىرىدۇ. تولا گەپ قىلىپ شەيتانلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويساڭ، سېنىمۇ. بەگنىڭ روھىنىمۇ بىراقلا دوزاختا ھەيدەيدۇ. شەيتاننىڭ قولىقى ھەممە يەردە بار. تىنچ ماڭغىن، — دەپتۇ دېھقان.

ئۇلار ئاخىرى ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. خوتۇن قەسىمدە بىرلا ئاخشام تۇرالاپتۇ. شۇنداق بولارىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن دېھقان ئالتۇنلارنى شۇ كېچىدىلا خوتۇنىغا تۇيدۇرماي يوشۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئاتا-ئاتمايلا خوتۇن يان

قوشنىسىنىڭكىگە كىرىپتۇ-دە، ئالتۇن تېپىۋالغانلىقىنى جار سېلىپتۇ. ھايت-ھۇيت دېگۈچە بۇ خەۋەر پۈتۈن يېزىغا تارقىلىپتۇ. ئىككى-ئۈچ كۈنگە قالماي بەگمۇ بۇ ۋەقەدىن ۋاقىپلىنىپ، شۇ ھامان چوماقچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، دېھقاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. بەگنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خوتۇن:

— ۋاي خۇدايىمەي، بەگ تىرىك ئىكەنغۇ؟ شەيتانلار بەگنىڭ روھىنى جەھەننەمتىن قوغلىۋەتتىمۇ نېمە؟! — دەپ ۋارقىراۋېرىپتۇ. دېھقان خوتۇنىغا بىر دۇمبىلەپ قويۇپتۇ-دە، ئاندىن يەتتە پۈكۈلۈپ بەگكە تەزىم قىپتۇ.

— سالىمىڭنى قوي، ئالتۇننى چىقار! — دەپ ۋارقىراپتۇ بەگ ھەيۋە بىلەن ھۆركىرەپ، — سەن مېنىڭ يېرىمگە كۆمۈلگەن ئالتۇننى ئېلىۋاپسەن. ئالتۇن مېنىڭ!

— تەقسىر، قايسى ئالتۇننى دەيدىلا؟ پېقىر ئالتۇننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆرمىگەن تۇرسام!

— خۇپسەنلىك قىلما! يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشىۋاتىدىغۇ؟!

— ھۆرمەتلىك بېگىم، بۇ مۇشۇ ئەقلىدىن ئازغان، ئالجىغان خوتۇنۇمنىڭ گېپى. بۇ خوتۇننىڭ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، يوق گەپلەرنى تېپىپ ۋالاقلاپ يۈرىدىغىنى پۈتۈن مەھەللىگە مەلۇمغۇ؟ شۇ گەپكىمۇ ئىشەنگەن بارمۇ؟ بۇ ئېلىشىپ قالغان خوتۇن تۇرسا، ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلايدۇ-دە!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان خوتۇننىڭ قاتتىق خورلۇقى كەپتۇ-دە، جان-جەھلى بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— راست! ئالتۇن تېپىۋالغىنىڭ راستقۇ! ھۇ كاززاپ! بەگنى ئالدىماقچى، ماڭا تۆھمەت قىلماقچىمۇسەن!

بەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال سىلىق-سىپايىلىق بىلەن خوتۇندىن گەپ ئالماقچى بوپتۇ:

— قېنى، ئانىجان، ئېيتىڭچۇ؟ ئالتۇننى قاچان، قەيەردىن تاپىڭلار؟

— ھېلىقى خاسىيەتلىك كۈن ئېسىڭىزدىمۇ؟ ھېلىقى ئاسماندىن پوشكال ياغقان كۈنىچۇ؟

بەگ بۇ گەپكە ھەيران بولۇپ، بىر خوتۇنغا، بىر دېھقانغا قاراپتىكەن، زېرەك دېھقان پەيتنى قولدىن بەرمەيلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ:

— ئەنە دېمىدىممۇ؟ ئەقلىدىن ئازغان ساراڭنىڭ گېپى نېمە بولماقچىدى، دېسەم ئىشەنمەيدىلا.

— قانداق پوشكال ياغقان كۈننى دەيسىز، ئانا؟ — دەپتۇ بەگ يەنە خوتۇندىن يېنىشلاپ سوراپ.

— ۋاي خۇدا. شۇمۇ ئېسىڭىزدە يوقمۇ، بېگىم؟ ھېلىقى دەرەخلەردە سازاڭ بېلىق ئۆسكەن كۈنىچۇ؟ — دەپ تېرىكىپتۇ خوتۇن.

— نېمىلەرنى ئالجىۋاتىسىز؟ دەرەختە سازاڭ بېلىق ئۆسكەنلىكىنى كىم كۆرۈپتۇ؟

— ۋاي خۇدا! مەن ئالجىمىدىم. بىز دەل ئېتىزدىن ئالتۇننى ئېلىپ كېلىۋاتقاندا، سىز شەيتانلار بىلەن سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇۋاتاتتىڭىزغۇ؟

— قانداق ساراڭ ماۋۇ! سەن كىمگە گەپ قىلىۋاتقىنىڭنى بىلەمسەن؟ مەن شەيتانلار بىلەن سۇ تالىشىپتىمەنمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ ئەرۋاھى ئۇچقان بەگ.

— ئەنە ساراڭ دېسەم ئىشەنمەيلا، قېپقىزىل ساراڭ دېسىلە بۇ خوتۇن، يا ئۆلتۈرۈپ قويارنىڭ ئورنى يوق! — دەپتۇ دېھقانمۇ دەي-دەيگە سېلىپ.

خوتۇننىڭ بەگنى گېپىگە ئىشەندۈرەلمەيۋاتقىنىغا ھەم ئېرىنىڭ ھاقارەتلىرىگە بەكمۇ ئاچچىقى كېلىپ بوغۇلۇپ كېتىپتۇ-دە:

— كىم ساراڭكەن؟ سەن ساراڭ! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئېرىگە. ئاندىن بەگكە قاراپ:

— راست دەۋاتىمەن، بىز مەھەللىگە يېتىپ كەلگەندە، شەيتانلار سىزنىڭ ئىرىڭىزنى ئەتۇر سويۇۋاتاتتى. مەن سىزنىڭ ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ۋارقىرىغان ئېچىنىشلىق ئاۋازىڭىزنى شۇنداق ئېنىق ئاڭلىدىم ھەم سىزگە شۇنداق ئىچىم ئاغرىپ كەتتى دەڭا! ...

— بولدى، بەس! ئىمىلەرنى جۆيلۈۋاتىسەن؟! — بەگ ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بوپتۇ.

— رەنجىمىسىلە بەگ. بۇ مۇشۇنداق ئەقلىدىن ئازغان خوتۇن. كاللىسى جايىدا بولغان بولسا بايىقى گەپلەرنى دەپ ئۆزلىرىگە بىھۆرمەتلىك قىلمايتتى. «ساراڭغا سوت يوق دېيىشكەن»، ئۆزلىرىگە مەن ئاماقۇل بولاي، — دەپتۇ دېھقان تەزىم قىلىپ.

— ئەستاغپىرۇللا! — دەپ ۋارقىراپتۇ خوتۇن، — مەن ئېخى شەيتانلار ئەرۋاھلىرىنى جەننەتتىن ھەيدىۋەتمىسۇن، دەپ يېقىن بىر نەشپا جۇرئەت قىلالمىدىم، بولمىسا ئۆزلىرىنى شەيتانلاردىن قۇتقۇلدۇرۇۋالغان بولاتتىم، بېگىم! — دەپ خوتۇن ئەلەمگە چىدىماي ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

— ساراڭنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئەخمەق بولۇپ كېتىدىكەنمەن-دە، خوتۇنۇڭ راستىنلا خۇدا ئۇرغان ساراڭكەن. شەيتان ئۇرسۇن بۇ ئالجىغان خوتۇننى! — دەپ تىللاپتۇ بەگ ۋە ساراڭنىڭ گېپى بىلەن كىلىپ ئوسال بولغىنىغا خىجىل بولۇپ ئالدى-كەينىگە قارىماي ھويلىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ پاراسەتلىك دېھقان ۋالاقتەككۈر خوتۇنىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، ئالتۇننى بەگنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ قاپتۇ ۋە ئالتۇنلارنى ئاستا-ئاستا جاي-جايىغا سەرپ قىلىپ، ھېچ كىشىگە چاندۇرماي ھال-كۈننى ئوڭشىۋاپتۇ. بىچارە خوتۇن شۇنىڭ بىلەن ئەلنىڭ نەزەرىدە «ساراڭ» دەپ قارىلىپ، ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدىغان بوپتۇ. دېھقانمۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خوتۇنىنىڭ ۋالاقتەككۈرلىكى تۈپەيلى يۈز بېرىدىغان دەۋالارنى سوراشتىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم بولۇپ قاپتۇ. ئەمما خوتۇنىنىڭ «ساراڭ» ياكى ئەمەسلىكىنى يالغۇز دېھقان ئۆزىلا بىلىدىكەن.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ماھنۇر ھاجىياقۇپ**

# يىلان بىلەن قارلىغاچنىڭ رىۋايىتى

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇلەركى، نۇھ① ئەلەيھىسسالام ياراتقۇچى ئۇلۇغ ئىگىمىزنىڭ يارلىقى بويىچە كۆبارلارنى شەرىئەت يولىنى تۇتۇپ، ئىمان ئېيتىشقا 600 يىل چاقىرىپتۇ. كۆبارلار بولسا، يەنىلا ئىمان ئېيتماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالام ياراتقۇچى ئىگىمىز ئۇلۇغ ئاللاتائالاغا زار-زار يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي ئۇلۇغ ياراتقۇچى ئىگەم، سەن ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ھەم كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇرسەن. مەن كۆپارلارنى ئىمان ئېيتىشقا 600 يىل چاقىردىم. بىراق ئۇلار ئىمان ئېيتمىدى، مەن بۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەمدى مېنىڭ ئىلتىماسىم شۇكى، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئۇلۇغ كۈچ-قۇدرىتىنى نامايىش قىلىپ، ئۇلارغا بىر بالا-قازا ئەۋەتكەيسەن، — دەپ قولىنى كۆككە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئىلتىجا قىپتۇ. ئاللاتائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا:

— ئۇنداق بولسا، سەن دۇنيادىكى بارلىق جان-جانىۋارلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردىن بىر جۈپتىن سالسا پاتقۇدەك ناھايىتى يوغان بىر كېمە ياسىغىن. بۇ كېمىنى ياساشقا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىنار دەرىخىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ياغىچىنى ئىشلەت، — دەپ يارلىق قىپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— ئەي ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئىگەم، بۇ دەريانىڭ ئېرەنلىكى بىرقانچە مىڭ گەز تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چىنار دەرىخى بەكمۇ يوغان تۇرسا، مەن ئۇنى قانداق دەريادىن ئېلىپ چىقالايمەن؟ — دەپ نالەمنى ئىترەتكۇدەك زار-زار يىغلاپتۇ. ئاللاتائالا:

— ئەي نۇھ، نېمىشقا بۇنداق يىغلايسەن، يىغلىما. بۇ ئىشنى قىلماق ناھايىتى ئاسان. سەن ئاشىملىقنىڭ② بېشىغا ئۈچ ئارپا نېنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ قارنىنى تويغۇزساڭ ئىشىڭ ھەل بولىدۇ، — دەپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، ئاشىملىققا ھەممە يۇرتنىڭ كىشىلىرى ئاش ئېتىپ، نان يېقىپ بەرسىمۇ تويمايدىغان تۇرسا، ئۇ ئۈچ ئارپا نېنىغا تويۇشى مۇمكىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەن ئۇنى قىچقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، «بىسمىللاھىرراھمانىر رەھىم»نى ئۈچ قېتىم دېگۈزۈپ، ئاندىن نان يېگۈزسەڭ تويىدۇ، — دەپتۇ ئاللاتائالا.

ئاشىملىق ئەسلىدە ئاجايىپ يوغان ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ بېشى كۆكتىكى بۇلۇتلارغا تاقىشىپ تۇرىدىكەن. ئېرەنلىكى بىرنەچچە مىڭ گەز كېلىدىغان دەريا-دېڭىزلار ئاران ئۇنىڭ تىزىغىلا كېلىدىكەن. ئۇ دەريا-دېڭىزلاردىكى لەھەڭ بېلىقلارنى تۇتۇپ، ئۇنى كۈنگە قاقلاپ، كاۋاپ قىلىپ يەپ، كۈن كەچۈرىدىكەن. ئادەملەر نېرەن، كەڭ، ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريالاردىن ئۆتمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن ئاشىملىققا پۈتۈن ئەل-يۇرت ئاش-نان تەييارلاپ، دەرياغا توكۇپ بېرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېمەكلىكلەرنى يەپ بولغاندىن كېيىن، گەرچە قورسىقى تويمىسىمۇ دەريانىڭ بىر قىرغىقىغا چىقىپ، ئىككى پۇتىنى دەريانىڭ يەنە بىر

① نۇھ — يىغلاكچى.

② ئاشىملىق — ئاشقا تويماس.

قىرغىقىغا قويۇپ ئولتۇرىدىكەن. ئادەملەر خۇددى چوڭ يولدا ماڭغاندەك مال-چارۋىلىرىنى ھەيدەپ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى يول قىلىپ بىمالال ئۆتۈۋالىدىكەن.

نوھ ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ، ئاجايىپ يوغان بىر كېمىنى تەييار قىپتۇ. كېمىنىڭ يوغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر كىشىلەر ئارىسىغا تارقىلىپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كۇپارلار ھەر تەرەپتىن كېلىپ كېمىنى كۆرۈپتۇ ۋە نوھ ئەلەيھىسسالامنى ئانىي تاپماقچى بولۇپ، چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىپ كېمىنى گەندىگە تولدۇرۇۋېتىپتۇ. نوھ ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ، ئاللاتائالاغا يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي ئۇلۇغ ئىگەم! مەن سېنىڭ يارلىقىڭ بويىچە ياسىتقان كېمىنى كۇپارلار رەسۋايى ئەزىم قىلىۋېتىپتۇ، مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟! — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي نوھ، سەن بۇنچە غەم قىلىپ كەتمە، كۇپارلار ۋاقتى كەلگەندە ئۆزى ئادالاپ بېرىدۇ، — دەپتۇ ئاللاتائالا.

شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپلا كۇپارلار ئارىسىغا ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، پۈتۈن ئەتراپنى كېسەل ئازابى بىلەن ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلاپ كېتىپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياراتقان ئۇلۇغ ئاللاتائالا كۆڭلىگە سالغان چېغى، كۇپارلاردىن بىرى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە بېرىپ قۇرۇپ قالغان گەندىدىن يېگەنىكەن، ئۇنىڭ كېسىلى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش خۇشخەۋەر بولۇپ بىردەمنىڭ ئىچىدە پۈتۈن ئەتراپقا تارقىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۇپارلارنىڭ ھەممىسى — نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى تامان ماڭالايدىغانلار مېڭىپ، ماڭالمايدىغانلار ئۆمىلەپ كېلىپ، گەندىلەرنى تالىشىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئارقىسىدا قالغانلىرى كېمىدىكى گەندىلەرنىڭ يۇقۇندىلىرىنى قىرىپ، ئۇلارنىڭمۇ ئارقىسىدا قالغانلىرى كېمىنى يۇيۇپ سۈيىنى ئىچىشكە باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى پاكپاكىز بولۇپ كېتىپتۇ.

نوھ ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالانىڭ يارلىقى بويىچە دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلاردىن بىر جۈپتىن كېمىسىگە سېلىپتۇ ۋە ئۆز ئوغلى مەردۇدقا كېمىگە چىقىۋېلىشنى ئېيتىپتۇ. بىراق، ئۇ ئۆزى ياسىغان ئەينەك شىشىلىك ئۆيگە كىرىپ، بىر ئېگىز تاغنىڭ بېشىغا چىقىۋېلىپ نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە چىققىلى ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي توپان بالاسى باشلىنىپ، پۈتۈن يەر-زېمىن بۇلاقتا ئايلىنىپ، ھەممە يەردىن سۇ بۇلدۇقلاپ چىقىشقا، ئاسماندىن بولسا يامغۇر چېلەكتىن سۇ قۇيغاندەك شارىلداپ يېغىشقا باشلاپتۇ. پۈتۈن دۇنيا دېڭىزغا ئايلىنىپتۇ. ئۇلۇغ ئاللاتائالا سۇغا:

— چايقال! — دېگەنىكەن، پۈتۈن ئالەمدىكى سۇلار چايقىلىپ، ئاجايىپ يوغان، دەھشەتلىك دولقۇنلار ھاسىل بولۇپ، مەردۇدنىڭ ئەينەك شىشىلىك ئۆيى ئۇ تاغدىن بۇ تاغقا سوقۇلۇپ، كۇكۇم-تالقان بولۇپ، ئۆزى ھالاك بوپتۇ.

نوھ ئەلەيھىسسالام بولسا، ھېچنېمە بولماي، ئۆزىنىڭ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېمىدىكى چوشقىدىن بىرى بىر چۈشكۈرۈش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بۇرنىدىن بىر چاشقان ئېتىلىپ چىقىپ، كېمىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىنى غاجىلاپ يۈرۈپ، كېمىنى تېشىپ قويۇپتۇ. كېمىگە سۇ كىرىشكە باشلاپتۇ. كېمىچىلەر ھەر خىل چارە-ئاماللارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ سۇنى زادىلا توختىتالماپتۇ. ئاخىرى نوھ ئەلەيھىسسالام:

— سۇنى كىم توختاتسا، مەن شۇنىڭغا خالىغىنىنى قىلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان يىلان تۆشۈكنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ، چەمبەردەك تولغىنىپ يېتىپ سۇنى توختىتىپتۇ. كېمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خەتەردىن قۇتۇلۇپتۇ.

نوھ ئەلەيھىسسالام توپان بالاسىنىڭ ئاياغلاشقان-ئاياغلاشمىغانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن كەپتەرنى ئەۋەتىپتۇ. كەپتەر ئۇچۇپ كېتىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن، زەيتۇن دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنى چىشلەپ قايتىپ كەپتۇ. نوھ ئەلەيھىسسالام توپان بالاسىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى بىلىپ، كېمىنى قىرغاققا ھەيدەپ ئاپىرىپ ئاللا تېغىنىڭ ئۈستىگە

چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا يىلان نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ماڭا بېرىدىغان نەرسىنى بەر، — دەپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— ساڭا نېمە لازىم، ماڭا ئېيتقىن، — دەپتۇ. يىلان:

— دۇنيادا نېمىنىڭ قېنى تاتلىق بولسا، شۇنىڭ قېنىنى شوراپ، ھايات كەچۈرىمەن، — دەپتۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالام پاشىغا:

— دۇنيادىكى جانلىقلار ئىچىدە نېمىنىڭ قېنى تاتلىق ئىكەن، سەن شۇنى بىلىپ كەل، — دەپ بۇيرۇپتۇ. پاشا دۇنيادىكى ھەممە جانلىقلارنى چېقىپ، قېنىنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرسە، ھەممىدىن ئادەمنىڭ قېنى تاتلىق تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇل نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. پاشىنىڭ ھەممە ھەرىكەتلىرىنى كەينىدىن تۇيدۇرماي بېرىپ كۆزىتىپ بىلىۋالغان قارلىغاچ پاشا ئۆتىدىغان يول ئۈستىدە بىر دەرەخنىڭ بىر شېخىغا قونۇپ پاشىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. پاشا يېتىپ كېلىشىگە قارلىغاچ ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولۇپ سوراپتۇ:

— پاشا ئاداش، نەگە بېرىپ كەلدىڭ؟

— بۇيرۇق بويىچە نېمىنىڭ قېنى تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەلدىم.

— ھە، نېمىنىڭ قېنى تاتلىق ئىكەن؟

— ئادەمنىڭ قېنى ھەممىدىن تاتلىق ئىكەن.

— يالغان، ئىشەنمەيمەن.

— ئىشەنمىسەڭ سەن مېنىڭ تىلىمنى يالاپ باققىن، — دەپ پاشا تىلىنى چىقىرىپتۇ. قارلىغاچ «چوك» قىلىپ پاشىنىڭ تىلىنى چوقۇپ ئۈزۈۋاپتۇ.

پاشا غىڭىلدىغىنىچە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام پاشىدىن نېمىنىڭ قېنى تاتلىقلىقىنى سوراپتۇ. بىراق پاشىنىڭ تىلى بولمىغاچقا «غىڭ-غىڭ، بىڭ-بىڭ» قىلىپلا تۇرۇپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە باشقىلار ھېچنەرسىنى ئۇقالماپتۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام قايتا-قايتا:

— نېمىنىڭ قېنى تاتلىق ئىكەن؟ — دەپ سوراۋەرگەندىن كېيىن، بىر چەتتە قاراپ تۇرغان قارلىغاچ:

— ھەممىدىن پاقىنىڭ قېنى تاتلىق ئىكەن، دەيدۇ، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان يىلان پاشىغا قارلىغاچنىڭ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى بىلىپ، قارلىغاچقا قاراپ غەزەپ بىلەن بىر ئېتىلغانىكەن، قارلىغاچ ئۇچۇپتۇ، يىلان قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقى ئاچا بولۇپ قالغانىكەن ۋە شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە قارلىغاچ بىلەن يىلان ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدىكەن. پاشا شۇندىن باشلاپ ئادەمنىڭ قېنىنىڭ تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئادەمنىڭ قۇلىقىنىڭ يېنىغا كېلىپ، غىجىكىنى چېلىپ، ناخشىسىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ قېنىنى شورايدىكەن. يىلانمۇ ئادەمنىڭ قېنىنىڭ تاتلىقلىقىنى بىلىۋالغاچقا، كۆڭلىدە «ھەپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە سېنى بىر چېقىۋالمىسام» دەيدىكەن. بىراق، قاراڭغۇمۇ چۈشىدىكەن بېشى ئاغرىپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئادەمنى چاقالمايدىكەن. كۈندۈزى بېشى ساقايغاندا كىشىلەرگە كۆرۈنەلمەيدىكەن. چۈنكى «كۈندۈزى ماڭغان يىلاننىڭ ئۆمرى قىسقا» دېگەندەك، كىشىلەر ئۇنى كۆرسىلا ئۆلتۈرىدىكەن. شۇڭا كۈندۈزى يىلان كىشىلەرگە كۆرۈنۈشتىن قورقىدىكەن ھەم پاقىنى يەپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن.

قارلىغاچ ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلغاچقا، ئادەملەرمۇ ئۇنى بەك ئەزىزلەيدىكەن. شۇڭا قارلىغاچمۇ خاتىرجەم ئۆيلەردە، ھويلا-ئاراملارنىڭ پېشايۋانلىرىدا ئۇۋىلايدىكەن.

يىلان قارلىغاچنىڭ بالىسىنى يېيىش ئارقىلىق ئۆچىنى ئالماقچى بولىدىكەن. بۇ چاغدا قارلىغاچ قارا بۇۋۇن (ھەرە)نى باشلاپ كېلىدىكەن، قارا بۇۋۇن يىلاننى چېقىپ ئۆلتۈرىدىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ يىلان يىللىق ئادەم بار ئۆيلەردە قارلىغاچ ئۇۋىلىمايدىغان بولغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **ئىسھاق يەھيا**، ئۇيغۇر، 64 ياش، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، ساۋاتلىق، قۇمۇل شەھەر ئىچى بېزا ئايلىق بوزۇرگاھ مەھەللىسىدىن.

توپلىغۇچى: **يۇسۇپ ئىسھاق.**

1993-يىل 8-ئايدا قۇمۇلدا توپلاندى.

## «ئىنجىل»دىكى ئەپسانىۋى ھېكايىدە ئېيتىلغان
## نوھ پەيغەمبەرنىڭ كېمىسى بىلەن ئەر
## كىشىنىڭ جەسىتى تېپىلدى

ئالىملار تۈركىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بارات تېغىدىن نوھ پەيغەمبەرنىڭ كېمىسى بىلەن كېمە باشلىقىنىڭ جەسىتىنى تاپقان.

ئېگىز تاغ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى پروفېسسور دېلوس فاكىبىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، كېمىدىن تېپىلغان جەسەت «ئىنجىل»دا ئېيتىلغان ئۇلۇغ ئادەم نوھ پەيغەمبەر بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

ئالىملار ئالدى بىلەن يېقىن تاغ چوققىسىغا يېرىم كۆمۈلگەن كېمە بېشىنى تاپقان، يەنە كېمىنىڭ بولى ئاستىدىكى كىچىكرەك ئىسكىلاتنى بايقىغان. ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى ئەر كىشىنىڭ جەسىتى ئاشۇ كىچىكرەك ئىسكىلات ئىچىدە ئىكەن. جەسەت بۇزۇلمىغان. ئالىملار جەسەتنىڭ بۇزۇلماسلىقىدىكى سەۋەب، مەڭگۈلۈك مۇزلار قاپلىغان تاغنىڭ ھاۋا كېلىماتى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان. نوھ پەيغەمبەرنىڭ جەسىتى دەپ پەرەز قىلىنغان ئەر كىشىنىڭ ئۇزۇن ئاپئاق چېچى بار بولۇپ، بېشىغا بۆك، ئۈستىگە كەرىشناۋاي رەڭلىك ئۇزۇن چاپان كىيگەن. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، جەسەتنىڭ تاغدا تۇرغىنىغا 9000 يىل بولغانىكەن.

«ئىنجىل»دا 900 يىلنىڭ ئالدىدىكى 40 كۈنلۈك توپان بالاسى ئالدىدا نوھ پەيغەمبەر بىر يەلكەنلىك كېمە ياساپ، تۈرلۈك جانىۋارلاردىن بىر جۈپتىن ئېلىپ بىرلىكتە ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان، دېيىلگەن.

كېمە قېزىلغان ئورۇن بىلەن تاغ چوققىسىنىڭ ئارىلىقى 2000 چى بولۇپ، بارات تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 17 مىڭ چى كېلىدۇ. ئېپىسكوپنىڭ مەخسۇس ئەۋەتكەن خادىمى يوپ دوناي بۇيرۇق بويىچە ئاشۇ تېپىلمىلارنى تەتقىق قىلىشقا مەسئۇل بولغان. ئۇ ئاشۇ تېپىلغان كىشىنىڭ نوھ پەيغەمبەرنىڭ نەق ئۆزى دەپ تولۇق ئىشەنچ قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەمما، باشقا ئادەملەرنىڭ نېمە ئۈچۈن كېتىپ قېلىپ، پەقەت نوھ پەيغەمبەرنىڭلا كېمىدە قالغانلىقى ھېلىغىچە ئېچىلمىغان سىر بولۇپ تۇرماقتا.

مۇتەخەسسىسلەر نەق مەيداننى ئېچىشقا ئاز دېگەندە ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە قېزىپ ئېلىنغان بۇيۇملارنى تاغ ئېتىكىگە ئېلىپ بېرىپ تەتقىق قىلىشلازىملىقىنى ئېيتقان. ئەر كىشىنىڭ جەسىتى ئاللىقاچان تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن تاغ ئېتىكىگە ئاپىرىلىپ ئالاھىدە ياسالغان تاۋۇت ئىچىدە ساقلاپ قويۇلغان.

مۇختار مۇھەممەت تەرجىمىسى

# ئابلەت مەخسۇت ماي بوياق رەسىملىرىدىن




جوۋاز



بازار



چېۋەر قوللار




1994-يىل 1-سان (ئومۇمىي 31-سان)

# مىراس

Heritaga Uigur Folk Leterature (Quarterly) 美拉斯 （维吾尔文）

« مىراس » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ئادرېسى: ئۈرۈمچى ئىتتىپاق يولى 8-قورۇ. تېلېفون: 266174. پوچتا نومۇرى: 830001. « بوغدا »
ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ. جايلاردىكى
پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65-1130/1. خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN 1004-3829.
ۋەكالەت نومۇرى: 60—58. باھاسى: 2.00 يۈەن

编辑：《美拉斯》编辑部 · 出版：新疆 … 维吾尔十二木卡姆研究学会、新疆维吾尔自治区民间文艺家协会(乌市团结路 8 号) 电话：266174 排版： … 心。印刷：乌市印刷厂 发行：乌鲁木齐市邮局 订阅：全国各地邮局。国内统一刊号：CN65-1… …04-3829 邮编：830001 刊号 58-60 定价：2.00 元